مملكتمزده يورتلريمزده شهر و صحرالرده كوب آيلردن بيرى دوام قلغان حكومت سزلقنى ، اوزباشيچه لقلرنى درحال يوق ايتب تنچلق و آسايشته لقنى جارى قلشندور ، عسكرى حربى ، ملكى وظيفه لر - خالص هم لايق كشيلرنيك قوللريغه تاپشورولدى .

همه يورتداشلريمزنيك سياسى دينى ملى و مدنى حقوقلرى حكومت نيك ضامنلق كفيل لقى آستنده دور .

چيكره داش قوشنى همسايه دولتلرنيك رسمى مأمور منصبدارلرى و فقرالرى بوتون بر امنيت ايچنده هر برلرى مشروع وظيفه سينى دوام قلدورماقى ممكندور ، ايلكاريدن همسايه دولتلرنيك هيچ بريكه قارشيلق دوشمانلق يول توتوش خياليني اويلاماغان شرقى تركستان خلقى نيك پاك طبيعت وجدانلريغه ترجمان بولوشده دوام قلورمز اعنى ، ايلكى بدن تارتيب همسايه دولتلرنيك حقنده كى محبت و دوستلوقلريمزنيك انشا الله وجودغه چيقارادورمز .

بوتون اولوغ تركستان اوچون آى يولدوزلوق كوك بايراق قبول قلندى .

هر بر يورتداش نيك مال ، جان ، و آبروسى نيك امنيت آستنده بولغانلقيغه تنچ و خاطرجمع بولوب اوزايشى برلن مشغول و دولتكه اعتماد ايتيشيني طلب قلورمز . توفيق الله تعالى دن .

باش وكيل : ثابت عبدالباقى .



بيان نامه اوقولغاچ نوبت ايله تبريكلر سوزلندى ، خوشلقغه قرق بر عدد توپ آتيلدى ، توپ آتلغان همان شرقى تركستاننيك تاريخى ملى كوك بايراغى كوتاريلدى ، آى يولدوزلق ملى كوك بايراق ييلپلاب اونكا نده غى شان و شوكتلق حاكميت دورلريني يادلاتب توزدى دار المعلمين طلبه لرنيك

بايراقيمز كوك بايراق . اوردوميز آلتون اوردو
تور كستان توركنيك يوردو . توركنيك اوجاق .

ديب دردلى تونكلريده غى غايه لريني يوكساك آواز ايله صاف تورك تيلى ايله سوزلب توروبلر ايدى .

بول كونده غى يغيلغان خلقنيك روحى بيس بوتون باشقه بر توسده ايدى . خوشلقدن كولوب تورغان چهره لر ، اوزنيك توختاته بلماسدن يغلاب تورغان شاد كوزلر ، يا الله بول سعادتغه يتوشاجاق شونداق كونلاريمز مو بار ايكان - خداى تعالى غه يمن يمن شكر ديب ماضى نيك قاره توتقونلوق دوريغه لعنت بيارييب تورغان درد كشلرنى كورولور ايردى ، خوشلقغه سر خوش بولوب حيرت كوزى برلن نمايشغه بوتون بارلقى ايله بر طلب قاراب قالغان يورتداشلرغه آز تصادف ايتلماس ايردى ، ملى موسيقه لر چاليب تورغان شاديانه توپلر كومبرلاب آتيلب صدالرى اطرافغه كيتب توراردور ، تارقاتلغان بياننامه نسخه لريني كروه كروه بولوب خلق اوقوب بر بريسيغه

توشونندوروب تورادور . خلق نینك آمین آمین آوازلری كوك كنبذغه اورلادی .

نمایش ، تومن بویدن شهر ایچیغه قاراب یوردی ، عیدگاه میدانیغه كلیب توختاب خشتین سرای او كزه سنده پیش تاقدن ناطقلر ترتیب ایله نطق سوزلدیلر ، ناطقلر ، باش وكیل ثابت عبدالباقی ، قاضی عسكر محمد جان آخوند هلال احمر جمعیتی نینك كاتبی موسی افندی غایب نظری وباشقه ذواتلردن عبارت ایدی ، ناطقلرنینك نطقلری ـ دولت قورولوشیغه عائد افاده‌لر ایدی .

# مركز قومندانی

مركز قومندان نینك قیله دورغان ایشلری .

## مركز قومندانی ، ملتنینك محافظتی اوچون تورغان عسكر باشلیقیدور .

وظیفه‌لر .

١ ـ یورتنینك عموم راحت و تنچلقیغه ایكه‌دور .

٢ ـ پولیس . وژاندارمه‌لر ـ یوق یرلرده اویرنینك راحت وتنچلق مركز قومندانغه تابعدور .



٣ ـ همه عسكر باشلقلری وباشقه خلقلرهم حكومت نینك قانونیغه قرشی بورالمایدور .

٤ ـ حكومتنینك تعیین قلغانی قانونیغه قارشیلق قلغانلرغه نهایت قاتیغ جزا بیرلور .

٥ ـ مركز قومندانی ، قانونیغه موافق ایش قلسه اهالی نینك اطاعت قلماقی لازم و ضروردور ، اگر مركز قومندانی قانون نینك خلافیده ایش قیلسه خلق اولرنی مركز ، وباشقه نظارتلرغه عرض بیرلن احوال ایتادور .

٦ ـ مركز قومندانلیغی بوتون فقرالرنینك راحت و تنچلقیغه ایكه‌دور .

٧ ـ فقرالرغه عسكرلر طرفدن آزار ، كلفت و ظلم قلغانلر بولسه مركز قومندانی باریرغه الیب باریب تحقیق قلنور ، آندن كین شو نداغ عسكرلرغه شریعت قانونی برلن نهایتی قاتیغ جزا بیریلور .

٨ ـ شریعت حكمیغه اونامغانلرغه آغیر جزا بیریلور .

٩ ـ كیچه‌سی ساعت اوچدن كین كوچه و بازارلرده بیكار یورغان عسكرلر توتولسه مركز قومندانی واوز عسكر باشلقلری طرفندن قاتیغ جزا بیریلور .

١٠ ـ عسكرلر اوز كاته‌لریغه اطاعت قلغاندیك باشقه عسكر باشلقلریغه هم اطاعت و حرمت قلور .

١١ ـ عسكرلر كاته‌لریدن اجازتسز كوچه و بازارلرغه چیقالمایدور ، اگر كده

اجازتسز چیقسه لر توتولوب کانه‌لری طرفندن جزا بیریلور .

١٢ ـ بیکارغه اوق آتقان عسکرلرغه عسکری قانون برلن چینك جزا بیریلور .

١٣ ـ نوبتچیلر کیچه و کوندوز توخته‌دیکان زمان قانداغ آدم بولسه بولسون توخته‌ماتقه مجبوردور ، اوچونجی مرتبه توخته دیکان زمان توخته‌ماقی ضرور دور اگر ـ توخته‌ماسه نوبتچی آتادور . کین نوبتچی مسئول بولمایدور .

شرقی ترکستان دولتی نیك باش وکیلی : ثابت عبدالباقی .

# „ ینکی تعینلر "

## بیوروق سان ١ §

٥٢ نچی یل

شرقی ترکستان حربیه ناظری نیك فرمان عالیسی برلن . ٢٧ . رجب

بو کوندن باشلاب حکومت موقته نیك قورولوشی مناسبتی برلن وزیرلر قراریغه بناءً مین اوراز بك اوز وظیفه‌م حربیه ناظرلکیغه اولتوروب اوشبو تاریخدن اعتباراً ایش باشلادم ، بو کوندن تارتیب بارچه قومندانلر ، عسکر باشلقلری ، منك باشیلر مینیم اختیاریمده بولیب هر بر فرمانلریمنی



بملکه آشیریب امریمغه اطاعت قلشقه مجبوردورلر .

## بیوروق سان ٢ §

باش وکالت نیك ١٥ نچی رقملق فرمانیغه بناءً سلطان بك بختیار زاده‌نی اوزومغه معاون تعین قلدیم اوشبو کوندن اعتباراً اوز بك وظیفه سینی اجرا قلماق اوچون اجتهاد قلور .

عسکری لوازمات وظیفه‌لرینی عسکری احتیاجلرنی تیارلر ، همه عسکرلرنی هم یاراغلرنی حسابینی آلور ، و شونکیه اوخشاش حربیه ایشیکه عائد ایشلرنی بجا کلتوروشی مجبوریدور .

حربیه ناظری : اوراز بیك

## دیارلیق ـ سان ١ ـ ٢٦ ـ نچی رجب

٢٤ نچی رجب تاریخلی ملی میثاق نتیجه‌سنده بولوب اوتقان قوماندانلر مجلسی نیك ٢ نچی سانلق توختامیغه موافق مین غایب قانصد اوغلی یوسف جان مرکز قوماندانلق خدمتینی قبول قیلیب تیکشلی وظیفه‌لریم برلن مشغول بولوش

غه كيرشديم ، بناءً حاكم خان تورم اوغلى سيد عزت الله خاننى اوزومغه برنچى
معاون تعين قلديم اوشبو كوندين باشلاب تيكشلى وظيفه لرينى يورغوزوشغه
اجتهاد قلسونلر . مركز قومندانى : يوسف جان .

داخليه نظارتى طرفندن مركزى - پوليس - ياساول - بولوب منكباشى
قومندان - كچيك بيك تعين بولوب ، تيكشلى وظيفه لرينى يورغوزه باشلادى .
مركزى ياساول ، باشلقيغه معاون بولوب نظام الدين يوزباشى
تعين بولدى .

ناظرلر هيئتى نينك ٥ - نچى توختاميغه بناءً - شرقى تركستان تجارت
و زراعت نظارتيغه برنچى معاون بولوب ناطق بيك داودى افندى تعين
قلندي - مذكور افندى تيكشلى وظيفه لرينى يورغوزوشده غيرت قلمقده .

شرقى تركستان داخليه ناظريغه معاون بولوب عبدالله داملا تعين ايتيلدى
- ايكنچى معاون هم ايشلر مديرى عبدالرحمن افندى تعينلاندى .

باش كاتب بولوب استاذ محترم ملا موسى اعلم تعينلاندى .

شرقى تركستان اوقاف نظارتيغه معاون ناظر بولوب صوفيزاده تعينلاندى .

شرقى تركستان ماليه نظارتيغه معاون ناظر بولوب مخدوم زاده ملا محمد
حاجى افندى تعينلاندى .



# اجتماعيات

## قانون اساسى

سنه ١٣٥٢ - يل ١٦ - نچى شعبان

شرقى تركستان جمهوريتى غه باغيشلاب
استقلال جمعيتى نينك علمى هيئتى طرفندن ايشلانيب تقديم قلنغان

## قانون اساسى

بسم الله الرحمن الرحيم

وعد الله الذين امنوا منكم وعملوا الصالحات ليستخلفنهم فى الأرض كما
استخلف الذين من قبلهم وليمكنن لهم دينهم الذى ارتضى لهم وليبدلنهم
من بعد خوفهم امنا ... يعبدوننى لا يشركون بى شيئاً . ومن كفر بعد
ذالك فاولئك هم الفاسقون . قرآن حكيم .

## مقدمه

یورتداشلریمزنیک عمومی انتباهلری برکه‌سندن شرقی ترکستانده بیوك ملی ایقلاب وجودغه چیقدی ، بول انقلابنیك نتیجه‌سنده جناب رب العالمین مهربان حضرة حق سبحانه و تعالی‌نیك لطف و عنایت ربانیه‌سی ایله و اولوغ داهمیز ؛ آزادلق کوره‌ش میدانینیك قهرمانی رئیس جمهور خواجم نیازحاجم حضرتلرینك یولباشچیلیقی ایله و یورتداش باتور مجاهدلریمزنیك همت ، غیرت ، جمیت دینیه ٔ ملیه ٔ سی ایله‌هم اوزون یللردن بری قاره‌استبداد وحشتلر بدن تورلی دردالملریغه چدیه‌آلماغان یرلی مظلوملرنیك کوکغه‌اورلاغان آه زارلرنی ناله‌وفغانلریله جناب حقنك درکاه کبریاسیغه عن عن حمدو شکر لر بولغایکه ، شرقی ترکستان جمهوریت اسلامیه‌سی - ظهورقلیب ٥٧ - یلدن بری امیدقلیب خدایمزدن سوراب یورغان دینی ملی اسلام حکمتی قورولدی .

اوشبو اولوغ هم بیوك نعمت الهیه‌نیك قورولوشی مناسبتی برلن نظام نامه توزولوب جمهوریت ایشلرینك اوشبو نظام‌نامه قاعده‌لریغه موافق اجرا قلنشی لازم تاپیلب شول توغریدن مرکز استقلال جمعیتی‌نیك علمی هیئتی طرفی دن اوشبو نظامنامه توزولوب تقدیم قلندی .



## نظام‌نامه‌نیک قاعده‌لری

§ - ١

شرقی ترکستان جمهوریتی شریعت اسلامیه‌نیك اساسیغه قورولوب باعث بخت وسعادتیمز بولغان ، وقیامت کونیغچه تبدیل و تحریف تاپمایدورغان قانون الهی بولغوچی قرآن حکیم نینک حکمی ایله عمل قلنور .

§ - ٢

شرقی ترکستان دولتی جمهوریت اوصولی برلن قورولوب خلق نیك راحتدو بولماقی ، و دولت نیك برقرار بولوب باشقه‌لرنیك مزاحمتی و منازعتندن ساقلانیش ، و ملت نیك دینی ملی مدنی اقتصادی ایشلرنیك یولغه قویولوشی ، و شونکه اوخشاش ملت نیك طلبلرینی اوتاماق اوچون تشکیل حکومتی ، و ملتلر اتفاقی جمعیت ابوامغه مراجعت قلیب استقلالنی قولده توتماق اوچون قولدن کیلغان قطعی چاره‌لرنی کورادور .

### § - ٣ مرکز قورولوشی

دولت اداره‌سینیك مرکزنده [امیرالمؤمنین] رئیس جمهور حضرتلری اولتوروب حکومتنی شریعت اسلامیه‌نیك احکامیغه موافق اداره قیلور .

§ - ٤

دولت ، خلقچلق عامه‌چلق ، مشورت و مصلحت اساسی ایله قورولوب ملت نیك احتیاجاتلرینی تأمین قلمق و ملت نیك عرض دادلرینی انکلاماق ملت نیك و کیل‌لری برلن بولور .

§ - ٥

## ناظرلرنینگ قورولوشی

دولت‌نینگ اداره قلمق اوچون مرکزده امیرالمؤمنین حضرتلرینینگ ریاستی آستنده، ناظرلر هیئتی تشکیل ایتلب، اوشبو هیئت‌نینگ تیپه‌سنده صدر اعظم مقامنده باش وکیل تعین بولور. باش وکیل‌نینگ یانینده ایکی نفر معاونی بولور.

ناظرلر ١ - دینیه عدلیه ٢ - حربیه ٣ - مالیه ٤ - خارجیه ٥ - داخلیه ٦ - تجارت و زراعت ٧ - معارف ٨ - اوقاف ٩ - صحیه، همه‌سی بولوب ٩ - نظارتدن عبارتدور.

٩ - نظارت ایکی‌غه بولونوب آیریلور.

## ١ - نچی بولومی، ملکی اداری بولوب

١ - حربیه ٢ - خارجیه ٣ - داخلیه ٤ - عدلیه ٥ - وقف نظارتلرندن عبارتدور که اوشبو بولومنینگ اوستنده باش وکیل‌نینگ برنچی معاونی تورادر



## ٢ - نچی بولومی ملی اجتماعی - بولوب،

١ - مالیه ٢ - تجارت زراعت ٣ - معارف ٤ - صحیه نظارتلری کیریب بو بولومنینگ اوستنده باش وکیل‌نینگ ایکنچی معاونی تورایدور.

## § - ٦ رئیس جمهورنینگ وظیفه‌لری

ب - شرقی ترکستان جمهوریت اسلامیه‌سی‌نینگ رئیس جمهوری دین، ملت، وطن‌نینگ آسایشیغه، تنجلقی هم ترقی و تعالیسی اوچون رهبرلق قلغوچی، حکومت‌نینگ بیوک آتاسی عالی امیری، هم باش قوماندانیدور.

ی - رئیس جمهور حضرتلری، ملت مجلسی طرفیدن دورت سنه‌لق سایلانادور، لکن بو کونده‌غی رئیس جمهوریمز، دین اسلام‌نینگ، وطن و ملت‌نینگ آزادلقی یولیده قهرمانلق ایله کوره‌شیب استقلالنی آلغان جناب خواجه نیاز حاجم حضرتلری بتون حیاتنده، شرقی ترکستان، جمهوریتی‌نینگ عمرلیک دائمی رئیس جمهوری بولیشی‌نینگ جمیع ملت هم عسکر نامیندن قطعی قبول قلنادور.

ت - دولت‌نینگ تمام ایشلرینی اداره قلمق اوچون رئیس جمهور حضرتلری، صدر اعظم باش وکیل تعین قلیب ناظرلر هیئتی‌نینگ تصدیق قلادور.

## ایضاح

ملت مجلسی یغلغان زمانده باش وکیل و ناظرلرغه رئیس جمهور طرفندن ملت مجلسی نیک تصدیقیغه تقدیم قلادور.

ن ، رئیس جمهور ، ناظرلر هیئتی نیک توختاملرینی تصدیق قلادور ، هم تصدیق قلنماغان حالده ـ ینه باشقه یانکیدین اول توختامنی کوروب چقشقه ناظرلر هیئتی غه تکلیف قلادور.

رئیس جمهور ایله باش وکیل هم ناظرلر هیئتی اوتراسنده نزاع چقسه ، باش وکیل استعفا قلور ، هم رئیس جمهور یانکی باش وکیل تعین قلیب یانکی ناظرلر هیئتی تشکیل قلنادور.

جـ ، رئیس جمهور ، خارجیه ناظرنیک حضورنده شرقی ترکستان غه ، تعین قلنغان خارجی دولتلرنیک ایلچی ، وکیل هیئتلرنی رسمی قبول وقتنده قبول قیلادور.

حـ ، رئیس جمهور ، تمام عسکرلرنیک عالی باش قوماندانی بولغانلیقی اوچون ، باش وکیل هم حربیه ناظرنیک واسطه سی برلن شرقی ترکستان اوردوسینی اداره قلادور.

خـ ، شرقی ترکستان حکومت اسلامیه سی مصلحت و مشورت اساسیغه قورولغانلیقی اوچون ، رئیس جمهور حضرتلری ، باش وکیل ـ و ناظرلر هیئتی



نیک اتفاقلری حاصل بولغان توختاملرده اکثریت نیک صواب راینی تأکید و تصدیق قلور.

§ ـ ٧

## باش وکیل نیک وظیفه لری

باش وکیل ، بتون ناظرلرنیک باشلقیدور.

شونیک اوچون هر بر نظارتنک ایشلری برلن مشغول بولوش حقیغه ایکه دور باش وکیلیغه ، وکیللر هیئتی نیک رئیسی هم دیلور.

باش وکیل هفته ده بر کون ، وفوق العاده احواللرده ، هم تیییق ضرور وقتلرده ناظرلرنی ییلیشغه قچقرور.

بو یغلیش لرغه هیئت نظار ، یاکه ناظرلر هیئتی دیلور.

حکومتنک بتون ایشلرنیک اساسی یوللرینی شول یغینلرده مصلحت قلینور توختاملر قلنیور ، بول توختاملرغه وکیللر هیئتی نیک توختامی دیب نام قویولور. بول توختاملرنیک ملی مجلسلرغه سالینب کوپچیلقنک رایلری نی موافقتینک تاپیلسه اولوقتده ناظرلر هیئتی نیک توختاملری قانون بولور.

ملی مجلس موجود بولماسه توختاملرنیک پادشاهغه کورغازیلور.

پادشاه ـ یاکه حکمدار ، ناظرلر هیئتی نیک توختاملرینی موافق کورسه ینه قانون بولور و کیللر ، یاکه ناظرلر هیئتی نیک توختاملریغه نظامنامه هم دیلور.

§ - ۸

## ملکی اداری بولوم.

## دینیه عدلیه نظارتی نیک وظیفه لری

دولت ، شریعت اسلامیه نیك عالی اساسلریغه قورولغان جهتدن دینیه عدلیه نظارتی تشکیل قلنور .

عدلیه ناظری شیخ الاسلام مقامنده بولور .

عدلیه نیك یاسیده دینیه بولومی بولوب بول بولومغه [ باب الفتوی ] نام بیریلیب بونده مفتی توراذور .

عدلیه نظارتی متکامل مملکتلرده محکمه لرایله حکومت آراسنده بر رابطه دور ، چونکه متکامل مملکتلرده حاکملر معزول بولمیدور ، باش مدعی عمومی نیك [ یعنی عدلیه ناظری شیخ الاسلام ] هم محکمه عالیه نیك [ قاضی القضاة - قاضیلر نیك باشلق ] معقول کوروشی برلن محکمه لرنیك رئیسلری تعین قلنور ، محکمه شرعیه لرنیك حاکملرنیك یعنی قاضیلرنیك عدلیه نظارتی اوزی تعین قلور . عدلیه نظارتی اوزینك مفتشلرینی واسطه سی برلن ایشلرنیك عدالت بولنده یوروب توروشینی تأمین ایتیشی لازمدور .

عدلیه نظارتی مملکتنك قانونلرینی احکام شرعیه غه تطبیق قلیش اوچون نظارت ایتیشغه مکلفدور .



صحی ومدنی شرائطلرغه ایگه بولغوچی هم محبوسلرنیك اخلاقلرینی توزاتیشغه خدمت قله دورغان حبس خانه لرنی تأسیس قلیش - عدلیه نظارتی نیك وظیفه لریدندور .

§ - ۹

## حربیه نظارتی نیک وظیفه لری.

- حربیه نظارتی نیك برنجی وظیفه سی مملکت نیك خارجی دوشمانلریدن مدافعه قلمشغه یرایدورغان اوردونی وجودغه کلتوروشدور .

بونیك اوچون اینك اول حربیه مکتبی تأسیس قلور ، حربیه مکتبی بلند تحصیل کورغان و خارجدن کلتورولغان متخصصلرنیك واسطه سی ایله آچیلور اوردو اوچون لازم بوله دورغان لوازمات حربیه کار خانه لرینی قورادور . اجنبی دولتلرنیك عسکری حاضرلقلرینی و نیتلرینی انکلاماق اوچون عسکری ملحقلر تعین قلور ،

شرقی ترکستان اوچون حاضرغی اینك مهم وظیفه خارجدن بر هیئت اصلاحیهٔ عسکریه کلتورمقدور ، بو هیئت اصلاحیه پیاده سواری طوبچی آغیر ماشینه لیق طیاره چی ، تانقه چی ماشینه معلملری کبی متخصصلردن عبارتدور ، بولردن بولك علاحده کیمیاوی بوسائط تعرض و مدافعه متخصصلری و اشیالرینی کلتوروشدور ، موجود قلشدور .

§ - ۱۰

## خارجیه نظارتی‌نیک وظیفه‌لری.

خارجیه نظارتی ، اجنبی دولتلرغه وکیللر تعین قلور ، اوشبو وکیللرغه اجنبی دولتلرنیک چونکلقیغه یاکه سیاسی اهمیتیغه قاراب بیوک ایلچی یاکه اورتا ایلچی دیب نام قویولور ، ایلچیلر طرفندن بولک پایتختلرنیک خارجنده‌غی مهم شهرلرغه کونسولوسلر تعین قلنور ، هر بر اجنبی دولتده‌غی قونسولوسلر اول یرده‌غی ایلچیدن تعلیمات آلورلر ، ایلچیلر ایسه خارجیه ناظریدن امر و تعلیمات آلیب تورادور ، قونسولوسلرنیک اینک بیوک وظیفه‌سی خارجده بولغان تبعه‌مزنیک حقوقی‌نیک ساقلامق و یول خطلرینی تنظیم قلمقدور ، خارجیه نظارتی‌نیک ینه بر مهم وظیفه‌سی ، اجنبی دولتلر برلن باغلانادورغان سیاسی ، یاکه سودا ، تجارت معاهده‌لرنیک تیارلامقدور - وشونیک کبی مسئله‌لر اوستنده اجنبی دولتلر ایله مذاکره‌لرنی قلشدور.

خارجده ، تبعه‌مزنیک حقوقیغه تکلیب دخل و تعرض بولسه درحال تجاوز قلغان طرفنک حکومتیغه ناراضیلق بیان قلمق و باشقه‌لر.

خارجیه نظارتی‌نیک مملکت داخلنده‌غی ایشلرده هیچ ایشی یوقدور. یالغوز افغانستانده پاسپورت یول خط ایشلری برلن مو مشغول بولور. باشقه مملکتلرده ، مملکتدن خارجغه سیاحت قلغوچی یورتداشلرنیک



یول‌خطلرینی یاساول [ پولیس ] دائره‌لری تنظیم ، و شهر والیسی طرفندن تصدیق قلینور.

§ - ۱۱

## داخلیه نظارتی‌نیک وظیفه‌لری

خصوصا یانکی قوزولغان دولتلرده اینک مهم نظارت داخلیه نظارتیدور. قله‌دورغان ایشلرینک اینک برنچیسی ولایتلرغه والیلر تعین قلش. ولایتلرده والیلر بوتون مأمورلرنیک باشیدور ، گویا ولایتلرده باش وکیل‌نیک مقامنده دورلر.

بتون یورتده تنچلق آسایشلق‌نیک ساقلاشنی تأمین قلورلر ، بونینک اوچون بتون یورتده هر ایشدن ایلگاری یاساول قوی ، برساقچیلر قوی‌نیک وجودغه کیلتوروشغه مکلفدورلر.

یاساوللر [ پولیس ] نیک ساقچی [ ژاندارمه ] لرنیک وظیفه‌لری بردور یالغوز یاساوللر شهرده ساقچیلر ناحیه و کینتلرده ایش یورغوزورلر. یاساول و ساقچیلر توغریدن توغری والیلرنیک بیوروقی آستنده بولورلر. حکومت‌نیک یارلقلرینی اجرا قله‌دورغان یورغوزوش کوچلریدورلر. چنانچه برگناه ایشنک توتوش یعنی جنایتچینی توشلاش یاکه برمحکمه‌نیک توختاملرینی اوتکوزوش یاکه آنکلاتدروش ، چیکه‌ردن ایچکاریغه کیره‌دور

غان یرلی یاکه اجنبی یولچیلرنیک وثیقه‌لرینی تکشریش و مملکت ایچنده‌گی شبهه لق کشیلرنیک حرکتلرینی قاراب بیاب توروش وظیفه‌لرینک جمله‌سندندور.

یاساول و ساقچی بولمغان یرلرده بو ایشلرنی وقتنچه عسکرلرغه تاپشریلور. پوسته‌لر قورادور. داخلیه نظارتی ـ پوسته اداره‌لری تشکیل قلور. پوسته‌لر مملکتنیک یوللرینک و تاشیغوچلیق تاشیماق واسطه‌لرینک توزادور.

ولایت چکه‌ره‌لرینک توزوشغه چکه‌ره‌لاشغه تعلقدار لائحه‌لر توزادور، توزغان لائحه‌لرینی ناظرلر هیئتی‌غه سالادور.

مملکتنیک یوللرینک یابکیدن آچمق یاکه توزاتمق داخلیه نظارتی‌نیک وظیفه‌لری دندور.

داخلیه نظارتی‌نیک مهم وظیفه‌لریدن بریسی جان رویخطیدور هر یورتداشنک قولیغه بر نفوس تذکره‌سی برماسدن توروب بر حکومتغه حکومت نامی بیریلمایدور، مناسب مو بولماس املاک ملکلر زمینلرینک چیکره‌لرینی قیلب ملکیت حجتلری بیریش داخلیه نظارتی‌نیک مهم وظیفه‌لرینی جمله‌سندن دور.

§ - ١٢

## اوقاف نظارتی‌نیک قلەدورغان ایشلری

اوقاف اسلامیه موقوف‌له‌لری‌غه صرف ایتدورماق، و موقوف‌لهی



یوق بولوب کیتمان، وقف درامدلرنیک، مدرسه‌لرنیک اصلاحلریغه معارفنیک حمایه‌سیغه تخصیص قلمقدور.

بونیک اوچون هر ایشلردن ایلکاری، تورکیه‌نیک و مصرنیک اوقاف تشکیلاتلریغه عائد ترتیب و نظاملرینی تیکشریب اول ترتیب نامه‌لرغه قاراب محیطنیک شرائطلریغه موافق توزولغان قاعده‌لر ایله تشکیل قلشدور. بنا علیه اوقاف ایشلرینی یورغوزوشنه اوقاف نظارتیغه مخصوص نظامنامه قلنور.

§ - ١٣

## مدنی اجتماعی بولوم

مالیه نظارتی‌نیک وظیفه‌لری.

مالیه نظارتی‌نیک اینک برنجی وظیفه‌سی حکومت‌نیک درامدلرینی تاپش، و برامدلرینی بریشدور.

حکومت‌نیک درامدلری ایکی خیلدور، بری بی‌واسطه درامد ایکنجی‌سی واسطه‌لق درامد دور

بی‌واسطه درامدلر، زکات عشر و غیریلر.

واسطه‌لق درامدلر، خارجدن مملکتغه کیره‌دورغان مال‌لر متاعلردن آلنور، بو درامد، کومروک آرقالی بولوشی اوچون کومروک درامدلری دیلور حکومتنک احتیاجیغه قاراب، واجنبی دولتلر بلن بولغان معاهده یاکه

کامایادور ، احتیاجغه قاراب مالیه ناظری ، ملتکه تکلیف قلنغوچی ویرگی لائحه‌لرینی تیارلایدور . لائحه‌لرینی قانون‌قوتیغه کرغوزوش اوچون چاره کورادور . احتیاجغه قاراب بولادورغان کوچوروش ، اوزکارتدرش کبی ایشلرنی ناظرلر هیئتی نیک مصلحتی برلن قیلادور .

یانکی پول چیقاریش ایشلرغه قاراشلق معامله‌لر مالیه نظارتی نیک وظیفه لریدندور . مالیه ناظرنیک ، هریل باشنده حاضرلاغان درامد و برامد حسابنامه سیغه بودجه ، دیب نام بریلو — یعنی میزانیه ، ناملنور . میزانیه سی بولمغان یعنی درامد برامدلرنی حسابی بولمیدورغان حکومت یوقدور .

§ - ١٤

## تجارت و زراعت نظارتی نیک وظیفه‌لری

پاخته زراعتی نیک ، پیلک چیلق ، کبلامچلق ، یون ، تیری ، ایچاکچیلق ، وهر تورلی توقومه‌چیلق ، کانلر ، مملکت نیک حیواناتی چاروا ، وباشقه شونک غه‌اوخشاش مملکتغه بایلق کلتوروچی مختلف اقتصادی ایشلرینی توزوب قورادور . چنانچه - ایپاک ، پیله‌سی نیک اصلاحی ، پاخته اوروغی نیک اصلاحی ، کوروبچ ، دهقانچیلق لری کبی ایشلرنی ، یانکی زمانده‌غی آلات آسباب ماشینه لر برلن ینکللاشدورماق بونیک اوچون „ شرقی ترکستان ،، نیک هر تورلی زراعت و تجارت ایشلریغه خارجدن متخصص کیلتورمقدور .



§ - ١٥

## معارف نظارتی نیک وظیفه‌لری .

شرقی ترکستان اوچون معارف نظارتی نیک اینک برنجی قیله‌دورغان ایشی ابتدائی مکتبلرنیک آچشدور . آچیلادورغان ترتیبلی ابتدائی مکتبلرده حاضرچه ، اوقوش یازوش بلدورادورغان ، حساب هندسه ، خصوصا دینی اعتقادی درسلر اوگره‌ته‌دورغان ، معلومات ملیه و - وطنیه‌لرنیک ، تاریخ اخلاق کبی بسیط درسلرنی تعلیم قیله‌دورغان درجه‌ده بولسه کفایه بولور مدرسه‌لرده ، علوم دینیه اعتقاد وفقه برلن برابر باشقه منفعتلق علملرنیک تدریس و تعلیم قلدروشنی تأمین و تفتیش قلیش ، احوالغه قاراب مدرسه‌لر نی بری یاکه کوپراقینی ترتیب نامه برلن اوقوتادورغان اصلاح مدرسه‌لری قوروش ، اونکه لائق مدرس و معلم بلکیلاش استعدادلی طلبه‌لر ایله تأمین قلیش دور . معارف نظارتی ، مملکت نیک هر ولایت هر ناحیه و کینتلریغه ابتدائی مکتبلرنی قوروش ، ابتدائی تحصیلینی بتورغان مایه‌لر بتوشدورغان دن کین ، اورته عالی مکتب آچماق ، اورته تحصیلنی بتوشدورغاندن کین ، عالی مکتبلر آچماق ، بتوشغان طلبه‌لردن لیاقتلیلرنیک معلوماتلرینی کینکایتوروشغه خارجغه یباریشدور .

یوقاریده یازیلغان بوتون ایشلرنی قوروب یورغوزوشغه شرقی ترکستان

اوچون خارجدن برهئت علمیه کیلتور مقندور . معارف نظارتی نیک ، حاضر ده‌غی اینك مهم وظیفه‌لرندن بریسی منهم ولایتلرغه مطبعه‌لر قوزوب سهل و منفعتلق درس کتابلرنی نشر قلیب ملی مطبوعاتنی ترکوزوشدور . یرلی محلی مطبوعات موجود بولغونچه خارجدن لازم کتابلر کلتورمق عمومی کتابخانه‌لر ، قرائت خانه‌لر ، قوروش معارف ایشیدور

§ - ١٦

## صحیه نظارتی نیک وظیفه‌لری .

یوقوملوق خسته‌لر برلن کوراش تشکیلاتنی قوروب خسته خانه‌لر توزوب فقیرلر اوچون ؛ توغوش خانه‌لر ، فوروش ، سو غذا ، چای ، و عمومی یرلر نیك تیکشریش ؛ قاراب تورتوش - پاك توتماق ؛ بوتون بوایشلر ؛ صحیه نظارتی نیك وظیفه‌لریدور بونیك اوچون اینك اول مملکتغه خارجدن ١٢ نفر دوقتور کیلتوروش ؛ مجنون خانه‌لر ؛ یتیم خانه‌لر ؛ [غانجور ایتلر] خسته‌لقی غه معالجه خانه‌لر قوروش ؛ [چیچکیش] تیار کرلقلری اوچون مخصوص خانه لر تشکیل ایتیب قوروشدور .

دارو اجزالری اوچون کارخانه‌لر قوروشمچه ؛ خارجدن اجزا کلتورمق یاکه اجزاچیلرغه و تیش طبیبلریغه یاردم قلشدور .



§ - ١٧

## ولایتلرنیك قورولوشی

شرقی ترکستان داخلنده بولغان ولایتلرده ملکی و مدنی اداره ایشلرینی یورگوزمق اوچون داخلیه نظارتی طرفندن صلاحیتلق والیلر تعین ولایتنك آسایشینی ساقلاشقه شرائط مقتضاسیچه محافظه‌سی بولور .

§ - ١٨

هر ولایت والیلرنك ریاستی آستنده مرکز اوصولیده دینیه داخلیه مالیه شعبه‌لری تشکیل قلنب عمومی قاعده‌غه مؤافق اداره قلنادور

§ - ١٩

ولایت داخلنده دینی حکم ایشلرینی شرع شریفغه موافق اداره قلمق اوچون محکمهٔ شرعیه قورولوب انیك نظارتده معارف عدلیه ، اوقاف شعبه‌لری بولور.

§ - ٢٠

هر ولایتده دولت خزینه‌سی داخلی و خارجی تجارت ، دولت نیك

خصوصی اقتصادی ایشلرینی ، حکومتنك زکات عشر و اعانه ایشلرینی و
شونکا اوخشاش کریم چقم ایشلرینی اداره قلمق اوچون مالیه نجارت [illegible]
سی تشکیل قلنادور.

§ - ۲۱

چیت دولتلرنیك ایلچی خانه وکالت خانه‌سی بولغان شهرلرده ولایتلر
ده خارجیه نظارتی طرفندن مخصوص وکیل توراداور. شو بو وکیل خارجی
معامله‌لر برلن مشغول بولادور.

§ - ۲۲

حربیه ناظری طرفیدین تعین بولغان حربی مأمورلرغه و عسکری
فرقه‌لرغه محلی والی طرفندن مادی و معنوی یاردم بریلور.

## ناحیه‌لر قورولوشی

§ - ۲۳

هر ناحیه‌که حاکم تعین بولور ، حاکملر ولایت طرفندن تعین بولوب
مرکزدن یعنی داخلیه نظارتندن تصدیقلانادور.

§ - ۲۴

تنجلقنی ساقلاش اوچون ، محافظلری ، ژاندارمه ساقچیلری بولور



دینی ملکی حکملر اوچون شرع شریفغه موافق ایش قلادورغان محکمه
شرعیه اداره‌سی بولوب ، محکمهٔ شرعیه‌ده قاضی اسلام توراداور. ناحیه
قاضی‌لری ولایتدن تعین ، و عدلیه ناظری طرفندن تصدیق بولادور.

§ - ۲۵

دینی مدرسه و مکتبلرنیك قوروش ، معارف و اوقاف ایشلرینیك
اداره قلیش اوچون ، ولایت طرفندن هر بر ناحیه‌غه مخصوص مأمور تعین
بولور ، ولایت فرمانیغه موافق محلی حاکم برلن کیلیشیب ناحیه‌ده ایشلر.

§ - ۲۶

زراعت ، هم سو ، ایشلرینی اداره قلمق اوچون ناحیه‌ده میرآب
بولور ، معدن ایشلرینی ایشلاتماق اوچون مأمور بولور ، میرآب ایله مأمور
، والی طرفندن تعین بولورلر ، میراب داخلیه طرفندن ، مأمور ، تجارت
و زراعت نظارتندن تصدیقلانادور.

§ - ۲۷

ولایت شهرلری ناحیه آساسنده مخصوص شهر حاکملری طرفندن اداره قلنور.

§ - ۲۸

## کینت قورولوشی

هر بر کینت نیك اطرافنده‌کی دهقان خواجه‌لقلرینی زراعت و ، سو

ایشلرینی ، مدرسه مکتب ، و باشقه دینی ملکی مدنی ایشلرنی یوریغوزوش
اوچون ، ناحیه حاکمینی تعینی ولایت نینك تصدیقی برلن کینت امین لری
توختاتیلور . امین لر ، حاکم لرنینك فرمانی ایله هم قوللریده غی نظام نامه
ایسله ایش قلورلر .

## § - ٢٩

قشلاقلرده غی خلقنك تنجلقینی ساقلامق و اولرنینك عرض دادلرینی
طلبلرینی یوقاری دائره لرغه یتکوزوش هم حکومت طرفندن بولغان فرمان
لرنی اجراقلش ، عشر ، وقفلرنی روبخط قلیب یغیب تعین لانغان آمبارلرغه
تاپشوروش دینی مسجد مدرسه مکتبلرنی یولغه کرکوزوب نظارت قلیش
وشونیکبه اوخشاش ایشلرنی اجراقلیش اوچون ، قشلاق باشلقی تعین بولو
باشلقلر کینت امینی فرمانیده قشلاق و محله کشیلری طرفندن کورساتیلیب
ناحیه حاکمی طرفندن تصدیق بولورلر .

## § - ٣٠

## ناظرلرهیئتی نینك اوستینده غی مامورنینك وظیفه لری .

بو ، بیوك مأمور حکومتنینك قولاقی هم کوزیدور
حکومت نینك بتون دائره لرنده غی ایشلرنی قانونغه موافق یوروب



یورغانلقینی کوروب تیکشریب تورادور . بونینك اوچون حکومتنك همه
اداره لرینغه کیریب تفتیش قلنوچی و کال بولور ، وکیل تیکشریش حقوقیغه
مالکدور . ولایت و ناحیه لرده غی حکومت دائره لرینی تیکشریب
توراداورغان سیار ، مفتشی بولور .

مفتش لر الغان معلومات و ثیقه لرینی عالی مأمور اداره سیغه تاپشورادور .
حکومت اداره لرنده غی خذمتچیلرنی قیلب تورغان ایشلرنده مساهله یاکه
خیانت تاپلغان بولسه عالی مأمور طرفندن ، عدلیه نظارتیغه تاپشورالادور .

# تاریخ بولومی

## شرقی ترکستان ملی انقلابی حرکت تاریخی

## تاریخنك مندرجه لری .

توتقونلوق دوری - اورومچی خطای حکومتینك توتقانزبولی ، مظلومیت
تونلری ، انقلابنینك برنجی دوری ، تورفان یغیلق لری * قمول قوزغالانلری
توچار انقلابی ، انقلابنینك مشهور باتورلری ، سیاسی عامللر ، سیاسی ملی
تشکیلاتلر ، شرقی ترکستانده عمومی اویغانیش دوری ، یوتکغی بیوك ایقلاب
یل ، قاره شهر تورفان کوچار اقسو ایریکنلیق ؛ مارالباشی محاربه لری ؛
توغون اوردوسی ، قرغز اوز کاریشی ؛ ایکی آر توجنیك قیامی ؛ کیاشغر

* یغیلیق ؛ قوزغالان - سوغوش معناسنده اویغورچه سوز .

ولایتنده انقلاب آلایکه‌لری ؛ مادوطی نیک سقوطی ؛ ختن یارکند آزادلقی
امیرچیلرایله تیمورچیلر ؛ ترک تونکان مجادله‌سی ؛ تیمور قرغز اختلافی ؛
تیمور فاجعه‌سی ؛ ینکی شهر محاربه‌لری ؛ استقلال جمعیتی نیک فعالیتی ؛ تانکین
چیلرنی ینکلیشی ؛ شرقی ترکستان مستقل دولت قورولوشی ؛ عثمان علی بیک
نیک سقوطی ؛ یانکی حیات ؛ معارف و مدنیت ـ خاتمه .

## تونقونلوق دوری

آلان تاریخ نبوی ۱۳۲۱ غه‌یتی خاقان چین منصبدارلری بوینه شهرلر نی تصرف قلیب آلغالی یکرمه یته‌یل بولدی حالا بول درجه‌غه یتیلرکم آبا و اجدادلریدن قالغان ملک میراث زمینلرینی تاشلاب قاچدیلر حالا بو تاریخده خاقان منصبدارلری انصاف متاع کمیابلرینی نسیان طاقچه‌سیغه آلب قویدیلر و عملدارلر ظلم پیشه‌لر ظلم ستملرینی . عایا و فقرا بلکه کافهٔ برایا اوستیکا کون دن کونغه زیاده‌قلغالی توردیلر ؛ بیوه بیچاره کوزیاشلری توکولغالی باشلادی

تاریخ امینیه ـ ۳۰۰ نجی بیت .

هجری ۱۲۹۳ یلیدن باشلاب خطایلر شرقی ترکستانغه ینه استیلا قلغاندن بیری یرلقلرغه وحشیانه معامله‌ده بولدیلر ؛ عام ایشلری یرلیلر حقنده تحقیر و ظلم ایدی . شونیک اوچون دور یرلیلرغه چانتو سینکو نامینی بریب خورلادیلر . چانتو ؛ باش اوراغان ؛ سینکو ؛ حیوان معناسنده جطابچه سوزلردور ؛



خطایلر اوزلرینی معبود خواجه ؛ باشقالرنی قل بنده اورنیده کوروشلری اوچون ؛ حکومت دائره‌لریغه ایش برلن مراجعت قلغوچی یرلقلرنی سجده قلدوروب چوقندرور ایردیلر .

یرلی خلقنیک جانی مالی عفتی ناموسی زمینی اوستنده خاهلاغانلریچه عیش عشرت کیف صفا قلورلر ، بیچاره یرلقلر همه حقوقلردن محروم قلنغان ، هیچ کشیده هر قنداغ حقسزلقغه برحرف ایله بولسون یخشی یامان دیشغه اقتدار یوق ایردی . ذره قدر خلاف حرکت کیمدن بولسه سزیلغاز همان حبس قلنور محبوسنیک بوینیغه قولیغه پوتیغه یوغان تخته‌لر قالین تیمور کیشانلر بیکتولور تیاقلرایله ـ بیخود بولغونچه اورولغاچ سونکره ابدی عمرلق قماقغه یا که سور کونغه حکم قلنور ایردی ـ قماقخانه ایسکی پاسکنه ، سلامتلق اوچون بیک ضررلی ؛ بولوب انسانی تربیه‌دن خالی کاله آغلخانه سندن عبارتدور ؛ وطن و ملت نیک آبادلقی معارف و مدنیتی سودا و صناعتی حقنده خطایلر هیچ بر ایش قلمدی ، عموماً خطای تونکان مامورلرنده رشوت پاره‌خورلوق کسب هنر بولوب قانون فورمه‌سی کیفان پاره خورلوقده مسابقه آلیب بارورلر ملت نیک التون کموش ؛ جواهر ، وباشقا عام بایلقلرینی زورلوق برلن نغیب آلدیلر اقتصادی ایشلر ؛ داخلی خارجی سودالر ماناپولیه قلنغان .

یرلی سوداکرلرنی خطایلر اوز فائده‌لریغه مجبوری ایشلاته‌دورلر ـ محلی صناعتلرغه مطلقا اهمیت برمادیلر ، ملی معارف و نشریات ایشلریغه بیک

قاتیغ توسقونلوق قیلدیلر ، فحش بوزوقچیلق ، اخلاقسزلقلرغه افراط درجه
ابر کنلق بردیلر ، بر طرفده خطایلاشدرش سیاستی نینک کسکینلاشدردیلر
، خطای مهاجرلرغه ، ترکستاننینک منبت محصولدار ، زمینلرینی الیب
بردیلر ، مهاجر خطایلرنی یرلاشدیریشیده بیک آسان یول توتغانلر یرلیلرغه
افراط درجه‌ده القلر سالیب خلق زمین عمارتلرینی تاشلاب قاچغانلر
، یاکه آغر و بر کیلرنی تولا یالمغان کشیلرنی برـو زمین عمارتلرینی مصادره
قلب ، اوزینی سور کون یاکه عمرلق قاماقده ـ یاتقوزغانلر ، ترکستانلقلرنی
مجبوری صورتده خانون قزلا باشلادیلر شرقی ترکستانده ، خطایلر انسانیت
اوچون بر داجن لق خذمت قلمدیلر روسلرینک ، غربی ترکستانده‌غی
روسلاشدریش سیاست فورمه‌لرینی خطایلر عینا قبول قلغان ، ذاتاً خطایلر
بنیک آچ قالاندرلرینی شرقی ترکستانغه یبارغانلر ، چونکه بول برده‌غی
خطایلر ، فقط شخصی منفعتلر پول تاپیش بای بولوش برلن مشغول بولولر
، انسانیت ایله آلدی بیردیلری هیچ یوقدور. خطایلرده قانون یوق هر کیم بیلمه‌یلر
اوز اختیاریچه حرکت قلور حکومت دائره‌لرنده مأمورلر عموماً افیون
تارتیش أیله مبتلادورلر افیون ؛ خطای مأمورلری اوچون بیوک مشغولیت
، هر دائم کورسالک ـ چوزولوت یاتیب افیون تارتیب تورغان حالده کوره‌سیز
خطای محکمه‌لرنده عدل و انصافدن ذره‌قدر ایز یوقدور رشوت پاره‌نی
کیم کوپراک بیرسه هر قنداغ آغر جنایتچی بولسه‌مو شونینک فائده‌سیغه حکم



قلنور پاره رشوت بیریشغه قادر بولمغان کمبغللر نه قدر حقلی بولسه‌لرمو
تیاق یب پوتلردن باغلانیب آسیلیب نتیجه‌ده عمرلق قاماق یاکه سور کونغه
حکم قلنورلر ذاتاً ترکستانده برلاشغان خطایلرنینک دینی ایمانی ؛ غایه و
املی یوقدور ؛ سونک سنه‌لرده خطایلر پول تاپیشی اوچون تورلی یانکی
یوللر آچدیلر ، اولر بالشاویک پورغوز امینی تطبیق ایته باشلادیلر ؛ ملتنک
مالی جانی ناموسی عقیقه‌غه وحشیانه تجاوز قلدیلر ؛ بناءً علیه بول وحشتلرغه
قارشی انقلابی حرکت باشلاندی

## انقلابنک برنجی دوری .

## شورشان دیغیلقلری .

شرقی ترکستانلقلر هیچ بر وسیله ایله تیپه‌لرنده باسیب یاتقان آلباستی
لرنینک ظلم وحشتلرینی تورلی جبر و ستملرینی حکومت دائره‌لریغه آکلاته
ذاتاً هیچ کمنه شکایت قلش جرئتی یوق ؛ خلق طرفندن بریلغان
شکایت عریضه‌لر عالی مأمورلرغه یتکوزولمیدور ، یتکوزولغاندا مو ؛ اعتبار
سز مهمل قالدیریلور ـ یاکه شکایتچیلرغه سوء نتیجه بغشلایدور ؛ خطایلر
نینک تالان تاراجلریغه ناعلاج چیده‌غان برلیلر ؛ عفت و ناموسلریغه خاتون
قزلری حقنده بولغان تجاوزغه صبر طاقتلری قالمیدور ده دین و ملت
ناموس بو عفتلرینی مدافعه قلیشغه یاراغ کوچی برلن کیریشب وحشی

خطایلرغه قارشی قوزغالان باشلانه‌دور .

# دونکان خائنلر

## خطای دونکان هرایکیسی برسوزدور

شرقی ترکستان‌نیڭ توتقونلوق دوریده یرلیلر ، خطای وحشیلری طرفندن قانداغ جبر ظلم الملرنیڭ تارتقان بولسه ، دونکانلردعو ، بلکن آندن ارتوقراق وحشتلرنیڭ تارتقاندور ، دها ـ اونده‌نده کوبراق وحشتلر نیڭ تارتیب کیلمافده ، بول مسئله ایسه قویاش کبی روشن تاریخی حقیقت بولوشی او ـتیغه عین زمانده بولوب تورغان فاجعه‌لر ، هیچ بر یرلده شبهه قالدورمدی . بناءً علیه [ خطای دونکان هر ایکیسی بر سوز ] دیساق یاکلشماغان بولورمز . صاحبقران بادولت یعقوب بیك غازیغه ، اوروـمچی لورینجاـسی نیڭ خیانتی ۱۳۲۸ نجی هجری یلنده چقغان قوموللوق انقلابچی باتور تیمور خلفه حقنده‌غی خیانت ، تورفان‌نیڭ مشهور انقلابچـسی احمد تاماق باتور حقنده‌غی خیانت ، حاضرغی شرقی ترکستان انقلابی‌نیڭ بیوك داهیسی خواجه نیاز حاجم حقنده تونکان طرفندن بولغان همده دوام ایتیب تورغان خیانتلر ، مرحوم شهید تیمور غازیغه قلنغان خیانتلر ، دینکیزدن بر اوتلام ، یامغوردن برتامچی قاتارنیده دور . دونکان خیانتی دونکان



وحشتی نیڭ توشونچه‌سی کوز آلدیمزده توردور . بول وحشتلرنیڭ یانیده خطـای وحشتلری بس بونون اونوتولادوزغـان بر حالغه کلیب قالدی ، توغریسی خطای وحشتی نیڭ بزغه تونکانلر ـ اونوتدوردی ، دیمك بزغه خطایدن . کوره دونکانلر آرتوغراق ینه ایسکیراق دوشماندور ، بزلرخطای ظلمندن قوتولدوق اما هنوز دونکاندن قوتولغانمزچه یوق ، قوتولمادوق ، بزنیڭ خطایلردن اول قدر خوفمز یوق اما ، دونکانلردن تشویشمز یوق ایماسدور . بناءعلیه دونکان توغریسنده حاضرلقنك ، احتیاط بولوشنك ، چنك قلورمز دونکانلرایله کوره‌ش میدانینك اوتکورلاشدروزمز ، دونکان توغریسینده شرقی ترکستانلقنك کونکلیده دُره‌چه رحم شفقت بوندن‌سونکره بولماس . کوره‌ش میدانیدهغی ناردان تجربه‌لر شرقی ترکستانلقلرغه شونی آنکلاتدی سریع خطایلرنیڭ شرقی ترکستانده نیچوك حقی یوق ایسه قاره تونکان ] خطایلرنیمو شرقی ترکستانده برداجن‌لق حقلری یوقدور . شرقی ترکستان ، شرقی ترکستانلیمنکدور ـ بزنیڭ شعـاریمز شول . شرقی ترکستان اوچون بوندن سونکره بیکانه آتالر آتالر کیره‌ك بولماس سریع خطایمو قاره خطایمو ، نه‌یردین کیلغان بولسه اوشول یرغه بارسون خانلقینی کلیقینی دوطنی بوتای شانکان پانکان دارین پارین‌لرینی باچنغه برکه آلیب کیتسون ، بزغه اولرنیڭ اوزیمو کره‌ك ایماس سوزیمو کره‌ك ایماس نامی رسمی دبی فعلی خوبی خطی عام یوقالسون ، بزایعدی اولرنی ابدی هایده‌دوق

سرغ قاره ایپلاسلرنیك شونچه یل یورتومزنیك پاسكانه قلغانلقی یتار
اونده بونده قالان برهاویچ بریم هاویچ ؛ سریع قاره پاسكانه‌لر افیون كبی
برلن بالدورغی كبی حكومت تیپه‌سنده توختاشنك امیدنده [ یاتیب قالغونچه
آتیب قال ] دیب بونكنی وحشتلرنیك ایشلاماقده‌لر . بولرنیمو عمری آز
قالدی ، یقین چاغده بول‌سوقوندی قاره پاسكانه‌لرمو چار ناچار ؛ اوز یورت
لرینه اوزاتیلور . بوندن كین شرقی تركستانده دولتنك حكمینی آنكلامای
دورغان ظالملرغه حقوق بریلماس ! یوق بولسون قاره سرغ وحشیلر !
یاشاسون شرقی تركستان دولتی ؛ كینكایسون سیاسی دینی ملی علمی مدنی
اقتصادی انقلاب !! باربولسون اولوغ داهیمز رئیس جمهور خواجیم
نیاز حجم ! یاشاسون شرقی تركستان كونكوللی مجاهد قهرمان عسكری !

مجاهد . ١٤ ـ شعبان ٥٢ نجی یل

## كاشغر فتنه‌چیلریغه مراجعت

اتفاق برلیك نعمتینك قدر و قیمتینی بیلماغان فقط یالغوز اوز شخصی
منفعتی نیك یولیده بربرنیك ایزیب زولوك كبی ایمیب سوروب لیچكان
منصب كیفیغه بریلكان داغ آبرو نام پرست حرامخور فتنه‌چی عنصرلر یور
تومیزدن یوقالمای توروب بزنیك قوروولوشومزده‌غی حربی و ملكی
ایشلریمزنیك انتظامینی لایقنچه یولغه قویوشومزغه مینم فكریم یتمایدور



بول ، داخلی مكروبلرنیك بوزوقچلقیغه چیك یاكه خاتمه بریلماغونچه اوز آرا آنكلاشیلماوچلقلر توكمایدور
خانغه اوخشایدور . ایشیمز شو حالده دوام قیلادورغان بولسه خدایم یبورماسون آولوفت ینه كهنه قاره
استبداد بیكانه‌بویونتوروغی یورتیمزنیك بوینیغه تاقیلیش قورقونجی احتمالسز بر ایش بولیماسه كیره‌ك
اوز نسلینی اوز یورتداشرینی اوز قولی ایله ینه بالدورغی قاره وحشی بیكانه مستبدلرغه توتقون قلیش
توشونغه‌سیده مدرلاب چوزكولغوچی وطن و ملت خائنلرنیك قولغه كیركوزوومز ، اوز ملتینی هلاكت چوقو
ریغه تامان تارتیب سود رایسورغان خطایلاشغان وجدانسزلرنیك ، باشلقلری نمایده‌لری قولغه توشدی قالغان
قوتغان اوفاق توفاق مكروبلرمو قولغه توشوش عرفه‌سیده توراده‌ورلر اوز یورتینك اوز ملتی نیك مقدراتینی
بیكانه‌لرغه سلنشدن آرتوق دنیاده جنایت بولماس ، فتنه‌نیك حقنده جناب الله تعالی حضرتلری الفتنة اكبر
من القتل ـ الفتنة اشد من القتل ] فتنه چلیق نیك كناهی ـ كشینی ناحق اولتوروش كناهیدن یوكراقدور
ـ فتنه‌چلقنك كناهی ناحق قان توكوشدن چنكراقدور دیب انسانلرنی فتنه‌چلقدن یاندوروبدور زیرا فتنه بر
یورتده دوام ایتسه تنچلق آسایشلق قورولماس ، بزنیك ٥٨ یللق اسارت
زنجیریده بوغولوب قالیشیمزغه اوز آرا انكلاشیلماوچلق قاراماقارشیلق
فتنه آفاتلریدن بولك سبب و عامل بارمو ایدی ، بول مسئله تاریخی حجتلر
برله ثابت ایماسمو ؟ تاریخ ، حوادثلرنیك قایته‌لانیشیدن عبارت ایسه
، بز ایمدیكی یاڭكی قورولغان دولتمزنیك دورینده اوتكان كونلرده‌غی كهنه
یانكلشلریمزنیك تكرار ینه بولماسلقی یولیده مطلقا رحمسزلق برلن كوره‌ش
الیب باریشمز توبتده‌غی اینك بیوك وظیفه‌لریمزدندور . بزكه خطایلرده‌غو
دونكانلر دنمو ، اوز ایچیمزده‌غی خطایلاشغان خچرلرنك دوشمانلقی
یامانراقدور . ختن چلیق تیمور چلق قرغزچلیق اندجانلقچلیق دونكانچلق
آیرمه‌لرینی یورت و ملت ایچنده اوشو خچرلردن بولك ینه كیم سالادور
البته ـ فتنه اوروغینی بول وجدانسزلردن باشقه هیچ كمسه بریمادی ،

قولمزده‌غی حجتلر بو مسئله‌نیك برغه لایقنچه آرتوق آنكلاتغان ! فتنه
اربابلری نیك دنیا و آخرتده الله تعالی نیك قهر و غضبی‌غه دوچار بولوشلری
محققدور ،، دولتمز بوندن كین فتنه‌چیلرغه یول قویماس ، اولرغه قارشی
چاره و تدبیرلرنیك ایشلماقغه كیرشدی ، ایشلادی ینه قاتیغ ایشلایدور
ایمدی فتنه‌چیلر كوزلرینی آچسونلر فتنه‌چلقدن پاسكانه قوللرینی تارتسونلر.

| تنكری اوقور ای فتنه‌چیلر سزلره لعنت | - باتور - |
| ملت اوقور ای فتنه‌چیلر سزلره نفرت | ۱۳ شعبان ٥٣ . یل . |

## „ استقلال “ بولنده

دولت قورولوشی مینكلر یللردنبری كلگان تاریخی تجربه‌لی ملی اوولده بولادور
سونكی یللرده آوروپا هم آسیاده انچه‌ینكی دولتلر بارلقغه چقدی ، بولرنیك
قوروتوش تجربه‌لرینی خصوصاً - اسلام دولتلرندن بیوك غازی مصطفی كمال
تركیه‌سی ترلن سلفیلر باشلق بهادر ابن سعود ، حجاز شریف حكومت قو.و
لوشی اهمیتلیدور . شرقی تركستان نیك ۲۰۰۰ یللق قانلی تاریخندن
تا - سونكی بادولت یعقوب بیك غازی حضرتلرینك - توغری هم خطا حر
كتلرینی یخشی اوقومق لازم . - دولت یالغوز ,, استقلال ،، اوولنده قور
له بیلور ، برتوتقونلوقدن قوتولوب ایكنجی آسارتغه كیرمك اوچون قا
توكمكنینك حاجتی یوق . توركیه‌نیك بیوك ” استقلال ،، یغیلیقی یعنی



سوغوشی بونی تصدیق قلدی . ایرلرقتارنده - آلای ، آلای مجاهدخاتونلر
غه قارشی اسلام هم ترك دوشمنلری ملیونلرچه عسكر و مینكلرچه فتنه
چقاریب بیوك انقلابنی قانه باتیرماقچی بولدیلر .
خدای تعالی یاردم قلدی - ملیونلرچه آچ كوز دوشمن عسكرلری دینكیزغه
شوپوریلیب توكولدی . مصطفی صبحی كبی بالشاویك فتنه‌چیلرینی یوزلرچه
سی نیك كاللاسی كیسلدی . نتیجه‌ده تركیا مستقل بولدی . جمعیت اقوام
- بتون دولتلر یكی تركیه‌نی احترام قلدی .
بیوك بریطانیه قرالی حضرتلری ، غازی پاشاغه تاریخی هدیه‌لر تقدیم
ایتدی . آوروپا دولتلری - و خصوصاً بالشاویك حكومتی ملیون ملیون
دوللار اقتصادی قورولوشنه احترام یاردمی بردی .
” شرقی تركستان ،، چین - بالشاویك روسیه‌سی هم بیوك بریطانیه
هندوستانی آراسنده قیسلیب قالغان بر اولكه بولغانلقی اوچون دولت بونی
نظرده توتوب - سیاسی ، اقتصادی قورولوش یولیده - نانكین ، ماسكاو
هم لوندون ، برلن معامله‌سنده بیوك سیاسی بیلم هم احتیاطلق لازم .
خدای تعالی نیك مرحمتی ، شهیدلر نیك مبارك قانی ، بیوك غازی خواجه
نیاز حاجیم حضرتلرینك ، مجاهدلر نیك هم حكومت اربابلر نیك اجتهادی
بیله - انشاء الله الرحمن بیوك ترك ملتینی بیشیكی هم تاریخی مدنیتی یرلن
مشهور بولغان شرقی تركستان آزاد بولور - هم غازی مصطفی كمال تركیه‌سی

فقا بده ،، استقلال ،، غه ایریشور .          استانبول‌لق

یوسف مصفر          کاشغر

ادارەدن          ۳۰ - یللردنبری ملی انقلابلرده اشتراك قلغان
عالی تحصیل کورگان قارداشیمز یوسف مظفر بیك - بلمی و قلمی برلن کاشغر
ده ،، شرقی ترکستان ،، قورولوشیغه فعال قاتناشیب یاردم قلیب تورغان بولسه
مو یرلی مطبوعاتغه قاتناشماغان ایدی . بوندن کین - دنیا - یاسی ، حقوق ،
اقتصاد مسئله‌لری حقنده ،، استقلال ،، مجموعه‌سنده ، هم ،، ارکن ترکستان
،، ده مقاله‌لری بولوب توروشینی امید قلورمز .

# ترغیبات

## علمده قوت ، عملده شرف و عزت .

معلومدورکه نوع بشر اوچون مدار تکلیف بولغوچی نرسه اونیك قوه‌
عقلیه ، وقوهٔ علمیه‌غه ایکه بولمافیدور ، و اونیك حیوانات نوعندن امتیازی
آیرمه‌سی تفکر و تعقل و تجربات و ملکه‌لری برلن دور . بولمسه حواس
ظاهره‌لرده انسانلر باشقا حیوانات ایله برابر ، بلکه حیوانلر - بعض حاسه
لرده تفوق قلادور .     نهوانیتده حیوانلر ، انساندن صبرلیدورلر
اونك اوچون تناسل و ازدواج ایشلری معلوم وقت و موسملرده ] یا



کونلرده ] بولیب باشقه وقتلرده اناث صنفلریغه تعدی قلمایدورلر .
بناء علیه نوع بشرنیك عزت و شرفی امتیازاتی علوم معارف و تجربات
ملکه‌لری ایله بولیب علم نیك شرفیمو حقیقی دین ایله بولور . دین ، انسان
نیك حیات مسعودیه‌سی اوچون رکندور اسلام نظرنده علم تعلیم و تعلم اهل
علم ایله مناسبتلری بولماغان آدملر همج آتلق حیوان حسابلانادور . بلکه عقل
لرن ایشلاتماغان انسانلر تلسز کوزسز اینك یامان حیوان دورلر .

استعیذ بالله ؛ ان شر الدواب عندالله الصم البکم الذین لا یعقلون .

برقوم و ملت نیك ترقی و تنزلی علم ایله علاقه‌لری بولیب بولماغانلق ایله
متناسبدور .     یرکره‌سیده علم و معارف صاحبلری قوت و عزت تاپیب ؛
جاهللر و خرافات عاشقلری ذلت و حقارتده قالغاندورلر .

بشریت و فطرت [ استعداد ] دین و بوتون دینلرنیك خلاصه‌سی و ابدی
اسلام دینی مقدس قرآن کریمنك برنجی تعلیمی اوقوماق بلماقدور استعیذ بالله
- اقرأ باسم ربك الآیه .

حکومت و دولتلر علوم و معارف ، ترتیب و قواعد دان باشقه دوام قله آلمای
دور . اولوغ مجتهدیمز محترم امام محمد رحمه‌الله تعالی ، علم حسابده تورت عمل
قاعده‌سینی وضع ایتدی .     عرب اسلاملر طرفندن علم حسابده [ الجبر
و المقابله ] قاعده‌سی وضع قلیب حاضرغی بوتون یاوروپا و امریقالرغه رهبرلق
استاذلق قیلماقلرینی تاریخ سوزلاب توزادور .

نبینا محمد المصطفی صلی الله علیه و سلم نینك [ اغد عالماً او متعلماً او سامعاً
حدیث - یعنی علم تعلیم تعلم - و اهل علم ایله مصاحبه قلماق ایشلرینه
باشقه‌لردن سبقت ایدنکیز ؛ و از بو راق سلوك قلنکیز دیکان فرمان عالی‌لرینه
امتثالاً سلفلرمزدن قتیبه‌لر ، ابن فضلانلر ، و غیرلر بیوك تاغ و تاشلرنی
اوتوب اعلاء کلمة الله قلماق جاهللرنی اوقوتماق بو ایله خیرات بابلرنده
مسابقه قلشمق مقصدی برلن سیاحت قلب خطایستان توفراقینه و ایدل
اورال قطعه‌لرینه یتدیلر . علم و روح دیانت چاچیب عبرتلی تاریخلر
قالدردیلر . قاعده و نظام توزوماق اوزاق ایللرغه یرلرغه سیاحت قلمق
و علم تارقاتماق . بیزمزنیك روحی سلفلرمزنیك سنتی بولسه بز مو خلفلر
نمه ایشکه اندغ قله آلمایمز ؟ خصوصاً بز شرقی ترکستان اسلاملری
بوناکونکنه مستبد و بی ترتیب قان خور مجوسی خطایلرنیك اداره‌سنده
محکوم و ذلیل ایدوك ، الله تبارك و تعالی بزلرنی مستقل اسلام حکومتی
قورمق ایله عزیز اییتدی . اوشبو حکومتمزنی ترتیب و قاعده اساسیغه
قویوب علم کوچلری ایله حمایه قلمقمز لازمدور .
علم اینك قوتلق یاراغدور . علم کوچیغه هیچ بر کوچ توسقونلوق
قیله آلمایدور . علم و معرفت صاحبلری هوالرده اوچوش قیلب محیط
دینکیزلرنده سیاحت ایلار . -
ترتیب و قاعده‌گه محتاج بلکه اصلاحاتمزنیك بسمله‌سی دینی و عرفانی



مکتب و مدرسه‌لرمزنیك اصلاح قلمقدر .
معارف نظارتیغه بولخصوصده اهل عرفانلر ایله مذاکره و تعاطی افکارینی
قلشمق واولرنیك مجلسلرینی بلمق لازمدور . بونینك اوچون استقلال
جمعیتی نیك علمی هیئتی نیك راهبرلق اتیشی کیرك دار المعلمین‌لرمز مکمل
قاعده و نظامغه قویولوب اوقوش و اوقوتوش اسبابلری ایله یاراغلانب اونکه
مقتدر معلملر جلب ایتلب اطرافنده‌غی و بلکه مملکتده‌غی بوتون مکتبلرغه
رهبرلیق قلسون ! رهبرلیق ایشلرنده مقتدر معلملر کنکاشیغه وسیع حقوق
لر بریب معلملر یتشدرمق و مخصوص فنلر اوقوش خصوصنده اجنبی دولت
لرغه یبارمق اوچون شاکردلار تیارلامق و باشقه وظیفه‌لر بو کا تیلسون
دار المعلمین لریمز دار العرفان بولسون !
شرائط و وضعیتلریمزغه موافق نظام و قاعده‌لر توزولسون !
یورتداشلریمزنیك علوم و معارف ایله زینتلب علم و عرفانلریمزنی دین
ابدی بشریت سعادتی بولغوچی دین مبین اسلام و شریعت غرامزغه تطبیق
قلساق ایکی دنیا سعادتی‌غه انشاالله نائل بولورمز "والذین اوتوا العلم درجات"
١٣٥٢ - ٦ شعبان عبد الرحمن لقمان " الباشقردی "

## بزگه تاش یورکلی ایشچیلر کرك

یانگی قوروتلغان دولتمزنیك توزلی دائره‌لرنده دولت ایشلرینك لایقنچه

يورغزوب آليب بارادورغان معلوماتلى متخصص ايشچيلرنيك بزگه هوا سو
كبى مدار حياتيمز بولغانلىق توشونچه‌لى بصيرتلى هربر يورتداشغه
بلكليدور. يالغوز بزنيك محيطيمزده ايشلايدورغان ايشچيلرنيك تاش
يوره‌كلى ثبات ومتانتلى بولوشى شرطدور.
تاش يوره‌كلى ثبات و متانتلى قهرمانلردن باشقه تورلى كشيلر مايلى كملر
بولسه بولسونلر شرقى تركستانده برداجنليك بر كرامت كورسه‌ته بلماسلر
شونيسى خاطرده توتولماليدوركه ثبات و متانتغه تدبير باغلقدور. محيط و
شرائطنك طلبنه كوره تطبيق اتيش وضعيت ايله حسابله‌شمق بصيرتلى
ايشچيلرنيك عمليات‌لرنده اينك بيوك برعملدور.
احوال روحيه و وضعيتلر ايله حسابلاشيب يعنى خلق افكار عامه‌سى كوتاره
آلورلق بر حالغه قويوب وظيفه‌نيك بجا قىلمق ؛ هارماى تالماى قورقماى
ايشنى آقزوب پرغرامنى تولغوزوش هربر ايشچينك هربر منور ياله متخصص
نيك نصيبه‌سى ايمادور. بيرى معلوماتلى اما ايشچى ايماس ، بيرى
معلوماتلى هم ايشچى اما ثباتسز ينه بيرسى معلوماتلى ثباتلى ايشچى امابك آليپته
تمرناز ، نه ايسه بزده ايشلايدورغان ايشچيلرنيك اخلاقلرينى كوزل بولو
شى اينك مهم شرطدور. ايشچيلر توغريسنده بونچه اغرلقنيك نيمه
لازملق بار ديدورغان كسه‌لر بولسه باردور:
فقط بول جاى شبرقدور يعنى شبرقى تركستاندور ديمك شرقى



تركيستانده عربستان ياخود تركيه و افغان حياتى نيك هيچ بر ايوزكا عسيدين
لوزيو بونچه قبول و تطبيق قلش بزسا ملق بولور ، بر تومنك حياتى نيك
انيك توه‌موشى عرف عادتى اخلاق و طبيعتى ديميكدور.
بزده بعض بر منورلريمز ، ثبات ديب هر تورلى يانكليشلرغه اينده‌ماى كوز
قسيب اويه بريشنى توشونغانديك ، بزنيده شرقى تركستان حياتنده‌غى فكرلى
مزلى يانكلش توشونيلمسون! مقصوديمز ، شرقده ايشلايمق اوچون
شرقلى بولمك ديمكدور. ياوروپا حياتى توره‌موشى اخلاق قيافتى شرقده
منفور بر بولموش بولغانلقى اوچون شرقى تركستانده اونيك استعمال قلش
ايله نفرت كسب قلمقدن باشقه بر فضيلتى يوق. بزكه ياقه توزاته دور
غان اوپا اينه‌كلىك سورتوب يارداز قله دورغان مكيان چاليش خوسمه
ايشچيلرنيك كره‌كى يوقدور. شرقى تركستانيك تاش ياستوق ،
توپراق يورتقانيدن نفرت قلميدورغان دردلى ايشچيلر باتور ديشچيلر لازم.
داخلده وخارجده شونداق دردلى باتور تامور داشلريمز آز ئماسدور
؛ شونداق تامور داشلرغه شرقى تركستان قاپوسى هرچاغ آچقدور ،
تركستان تركستانلى نيكدور. قاش توزه‌تمن ديب كوز اويه‌دورغان
ذاتلرنيك بارلقيدن يوقلق توزوك ، تجربه شونى اوكره‌تدى.
نه برده بولسه مهاجر دردلى تامور داشلرنيك ايشچيلرنيك تشريفى نيك شرقى
تركستان باشى ايله كوزى ايله بيكلايدور. شرقى تركستانغه خدمت

اورومچیده، حاکم و باشقه حکومت اوزیداسندن بولک ضبطیه دائره لرنده هر کون ایلتیلک آتمیش تی تناه دفترلرینیک یالانکغاچه قلیپ باشلرینیده بر قداق یر یاغی نیک قوییوب بدونی اعضالریغه یتکوبز غاچ آیلقدن اوتکیلقیب وطنداشلریمزنیک کوئیدو دیکلر : اوت بیونقه یتوشغو نیچه افتعاللک جانی چقماس ایکان، منا شرقی ترکستانلقلرغه خطای حکومتی طرفدن ایشلانغان همان ایشلانیب تورغان جهانی تاریخنده کوریلماغان وحشت، عز نه لریمی زکشکی شونداغ وحشتلرغه دوچار بولغان وطنداشلریمز وحشیلرغه قارشی کوره شیغه قاتناشغان کشیلر بولسه ایدی، یوق آنداغ ایماس بتول بیچاره لر خطایلاشقان خنجرلرنیک جاسوسلق شخصی خصوصی عداوت انتقام مقصدیده بولن یاکا خطایلرغه یاقین معتبر بولوب آبرو آرتدروش خیالی برلن قلغان وحشتلریدور، هنوز بز شرقی ترکستان اهالیسنی شول مدهش فلاکتلردن بیس بوتونیق قوتولغانمز یوق :

دوشمانلر بزلرنیک شونداق وحشیلقلر ایله محو قلیب مقدس توفراقمزغه خطایستاندر خار ذلیل مخلوقلرنی کیلتوروب اسلام ترک بیشیکی بولغان شرقی اولوغ ترکستانمزنیک خطایلاشدروب بوتمقنک افیون کیفی برلن خیال قلور بونیک اوچون حاضر لقلری یوق ایماس . شونداق نازوک دقیقه لرده بزلر تیار لقدة مساهله قلیب اوز آرا مرونه چلق مجادله لری برلن اواره بولوب تاریخی کهنه خطالریمزنیک تکرا - لاتاق کوزه دورغان کونلریمز یوقارتده بیان قلنغان



وحشتلردن زیاده راق بولسه بولور، اما هیچ آندن آو بولساخی مسئله نیک یازوک نقطه سنی احطیاط بولادورغانی یری شولدور . کاشغر و لایتندن آلغان معلوماتلریمزغه کوره، عین زماننده اوز آرا آنکلاشیلماو چلقلر ایله آزاره لقلرنی آنکلاشیلور، هانی اسلام ترک باله سی، سین دوشمانیکنی کیم ایکانین آنکلا ! هانی شرقی ترکستانلی یورتداشلر؟ دولتمکز حیات ابدیتی - ملی انقلابیکزنی کینکایشی بولیده بر فکر بر مقصد برلن بتولی قولغه بیریب چالیشنکز ؟

جناب رب العالمین همه مزغه برلکنی نصیب بیورسون .

۲۷ - رجب آقسو : کریم خان غفوری .

## شرقی ترکستانده پول مسئله سی

دولت نیک چیقارغان یانکی ملی قاغاز آقچه لری مناسبتی برلن ...

اوزون زماندنبیری شرقی ترکستان پول بحرانینی کیچریب کیلمقده ایدی . اورومچی نیک نظامسز قاره مستبد خطای حکومتی نیک هر بر دائره سینده انتظامسزلق اوزباشیچه لق قانداغ دوام قلغان بولسه اونیک مالیه سینده مو شونداغ انتظامسزلق اوزباشیچه لق دوام ایتکان .

آقچه مسئله سینده بتون جهانده مثالی کورولمگان رسواچلقلر اورومچی حکومتنده بار ایدی . چنانچه اورومچی حکومتی آقچه چیقاریش

بزنیلک چلیقنه مزدن اوز کانلغاندورلر .

دولت نیلک تأمیناتی و سوداگرلرنیلک ایشلرینی تسهیلاتی اوچون جنلب رئیس جمهور خواجم نیاز حاجم حضرتلرینیلک اجازتی ایله هم رئیس جمهور حضیرت لرینیلک صلاحیتدار وکلای کراملری ایله اهل الحل والعقد ناظرلر هیئتی نیلک اتفاق نوبتو ختاملری ایله بتون شرقی ترکستانده اوینادورغان بر سرلق ، هم بیش بتیقاللق ملی اسلام اقجه سی چقازیلدی .

اوشبو چقازیلغان ملی اقجه غه بتون پادشاهلق زمین و عمارتلر دوکان و سرایلر کریو رهن قلندی ، اوشبو ملی اقجه ، حکومتنلک همه ادارهلریده زکات ویرکو ، و بوشنه کبی تمام وارداتلرغه قبول قلنادور . بتون حکومت دائرهلری و بارچه یورتداشلر اوشبو یانکی ملی آقجه نیلک قبول قلورلر . معاملهلرده احترام ایله یورغوزغوزلر . اکر بول خصوصده مساهله قلنسه ، یاکه یاسلمه ساخته لقجه چقاریلسه ساخته چیلر نیلک کوناهینی حکومت عفو قلماس ، نهایت آغیر بقاتیق جزا بیریلور .

یانکی ملی اقجه نیلک سانی ، قطعه و باشقه کچلقلر سببلی حاضرچه کونکولده غیدیلک چقیب اللو اکوره اتانلقی اوچون بو قتخه خطالی اقجهلریمو استعمال قلنیب توروللور .

صوفیزاده

---

اعتذار . . . . اوز یمزدن بولمغان بعضی سببلرغه بناء یانکی چقغان ملی اقجه نیلک نمونه سنی درج ایته بیلمدوک . اداره



# ادبیات

## حیوانات تورموشندن النغان حکایه .

حیوانلر ، انسانلردن کورغان جبر ظلم انواعلرندن قوتولوش ، دنیادا راحت و تنجلق ایله تریکچیلق قلمش اوچون هم بول مقصدلرغه نائل بولوشغه بر چاره و تدبیر ایزلامق نیتی ایله جمیع حیوانلر بر یرغه یغلیب کینکاش یاساماقچی بولدیلر . کوب اجتهاد قلغاندن سونک یغلیب بولوشدیلر ، مجلس رسمی صورتده آچیلب آرسلاننلک رئیس شیرنی باش کاتب سایلاشدیلر ، حیوانلرنیلک بو مجلسلری عمومی بولوب حیوان نامینی کوتارغان هر بر جانیبارنیلک مجلسغه کرمق حقی بولوب بریرینلک شخصیغه تجاوز قلمسلق شرطی برلن تیلاکانچه سوز قلیشغه اختیارلی ایدی . شونیلک اوچون بو جمعیتده یاوایی حیوانلر بولغاننه اوخشاش اوی حیوانلریدنمو وکیللر بار ایدی . اعضالر جمع بولغاچ مجلس آچلیب رئیسی افندی منبرغه چقدیده جماعتکه قاراب سوز باشلادی . ای جنسداشلر! سزلرغه بلکلی دورکه کوب اجتهادیمز نتیجهسنده اوزیمزغه مخصوص بولغان اوشبو اولوغ جمعیتکه ایکه بولدوق ، بزنیلک حیوانلر ملتی انسان بالهلریدن نهایت حسابسز جبر ظلم کورمکده دور هر برلرنکیزغه بلکلی دورکه ایندی جبر ظلملرندن نجات تاپیش دنیاده تنج - توروش اوچون چاره ایزلامق مقصدی ایله اوشبو عالی مجلسغه یغیلدوق شولتوغرالو بو بیوک و مهم مسئله حقنده هرکیم اوزینلک فکرینی توشونچه سینلک سوزلاشغه اختیارلقدور . ینه هر برنکز بو توغریده کونکلنکزدهغی دردلرنکزنی تیلاک و مقصدلرنکزنی نوبت برلن یازیب سوزلرسز دیب سوزینی توختاتیب مجلس اهلیغه قارادیده توردی . بر ثانیه اوتار اوتماس مجلس اهلیدن تولکی قندی باشینی کوتاریب مینی یازنکز دیب اشارت قیدی ، سونکره بولک حیوانلر مو بری بریسی نیلک کیندن سوزلاماقغه حاضرلانیب یازیله باشلادیلر .

تولکی متبرقه چقیب جماعتکه قاراب تعظیم قلغاچ دیدی . افندیلر ! بول اوروقغه نه مقصد

ایشلرینک منتظم و معین بر یولغه قویغان ایماس ایدی ، هر بر ولایت اوز
باشیچه خاهلاغانیچه اقچه چقارادور ، بر ولایتده چقاریلغان خطای اقچه سی
ایکنچی بر ولایتده یورماس اوتماس ... چقاریلغان اقچه لرنینک کوپ ویده
نومریده یوق ، بناءً علیه شرقی ترکستانده ساخته اقچه لر توغولوب کتدی ،
شونینک ایله برابر اورمچی خطای حکومتی ترکستاننینک آلتون کوموش
بایلقلرینی یغشدریب آلدیلر ، بازارلرده ملتده آلتون کوموش قالمغان ، بهاسی مو
آشیب کتیب تاپلغانده مو ۱۰ سوملق روس تللاسی ۱۵۰ سرغه ساتیلور بتون
ماللر ، یوزده ۷۵ فائض آشیب کیتیب کاسبلر هنرمندلر آغر احوال کچردی .
۳۱ ـ ۳۲ نجی یللرده خطای آقچه سینک توتوشغه نفرت قلدیده کمنیک قولیده
آز توله اقچه سی بولسه آلدوراب بازارلرده کوزیغه کورونکن مالنی ارزان باکه
قیمتلقیغه قاراماسدن آلیب قانداغ بولسه مو خطای اقچه سندن قوتولوش چاره
سینی ایزلاشغه کیریشدی .
شونک مناسبت برلن تاشقنو نرخ بهالر ۳-۴ برابر آشیب کتدی . نتیجه ده بر
شرلق خافودن بولک ٤ ـ تنکه لق سیتیپو ایله بش ـ رلق قغاز اقچه لر بیک
یمان سقوط ایتیب باریب باریب حلق مطلقا آلمای اوتماس بولدی ، خطای
حکومتی آلدوراب قالدی خلقده هیچان بر کونی جاکار چیقاریب
سیتیپو آلنمایدور ، خابیولر آلنادور ... ۲ ـ نجی کونی جاکار چیقاریب
باجخانه لردن تارتیب بتون خلق سیتیپو خافیولرنینک آلیمسدن آلادور ، کیم



الماسه جزالاناداور . بیچاره خطایلر هر تورلی تدبیرقلسه لرمو ؟ بیمازه اقچه
لرنینک اعتبارینی کوتاره یلمدیلر ـ ینه خطای آقچه سی اوز حالیچه دوام ایتدی
شرقی ترکستانی ملی آزادلق انقلابی نینک اوچقونلری بوتون اولکه غه چاچلیب
آزادلق دوری کیلیب ملی دولت قورولغاچ ـ مالیه نظارتی نینک نوبتده غی
وظیفه لرنینک بری ـ هم بیوک و مهم بولغان یانکی ملی آقچه لر چقاریش مسئله
سی الدیغه کلدیده باش وکیل حضوریده بولوب اوتقان ناظرلر هیئتی لرینک
۵۲ نجی یل ۲۴ نجی رجب تاریخلی مجلسده یانکی ملی اقچه چقاریشغه توختام
قلندی ... یانکی چقغان ملی اقچه مناسبتی ایله باش وکالت نینک اخطاری .

# اعـــلان

۱۳۵۴ نجی یل ۲۵ نجی رجب

بتون یورتداشلریمزغه همه فقرالرغه معلوم بولسونکه ، بوکونگنچه ترتیب و
انتظاملق حکومت قورولمغانی جهتدن پراکنده چلق بولوب ، ایمتدیگی
حکومت قورولوب انتظامسزلق اوز باشیچه لقلرغه خاتمه بریلدی .
عالم انسانیتغه علم ومدنیت درسلرینی بریب استاذلق قلغان سلف مسلمانلریمز
ایدی ، سلفلریمز هر بر خصوصده ترقی ایتکانلر ، یانکی کشف و ایجاد قلغانلر
امویه خلفالرندن عبدالملک ابن مروان حضرتلری سوداگرلرغه تسهیلات کور
ساتمک اوچون کاغذ آقچه چقارغان ایدی باشقه دولتلر کاغذ اقچه چقارماقنی

ایله چققانمزنیڭ رئیس افندی انکلاندی انسان باله‌لریدن حقمزغه بولوب تورغان تجاوزلر جبر ظلم‌لر حقیقة - بزنیڭ اوشبو مجلسه یغیلشیب شکایت قلشغه مجبور ایتدی . اولرنیڭ قاشنده ایکی پولوق قدر و قیمتیمز قالمدی ، بز حیوانلر ملتی‌نیڭ نه یرده کورسه‌لر اولدیره‌دورلر ، کویا بزلر یاشیرون مذهبلرغه منسوب کشیلرغه اوخشاش هر یرده قاچیب یاشیرنوب یوروشغه مجبور بولدوق !

دوروست راست حقیقت اهللری باشده اوزلرینڭ فکرلرینی مخفی تارقانه‌دورلر ، لکن بزنیڭ توشونچه‌لریمز آندایغ ایماس ، بز اوزیمزنی اوزیمز ساقلاماساق ، انسان باله‌لری بزلرغه هیچ وقت مهربانلق قلماس ! آرام برماسلر . مثلاً - من اوز حالمدن عبرت آلورمن ، بزنیڭ تیریلریمزنیڭ سویوب آیریب ساتیب فائده کورورلر . اوزیمز اولرنیڭ آلدنده اعتباردن توشوغلوقدورمز ، اما تیریلریمز اولارغه بیك قیمتلیکدور ، شونیڭ اوستینه اولر بزغه آلداقچی دیب بهتان سوزلب یوروولر . بتون جهانده بزلرنی آلداقچیلق ایله عیبلب قاره‌لایدورلر . اما - اوزلرینڭ اوترارلرندن بررەسی حیله‌چیلق آلداقچیلق قلسه آنکه تولکی دیب بزنی مثال کلتورورلر ، قارانکیز افندیلر ! انسان باله‌لری بزنیڭ اوستومزغه قایداق ناحق هجوملر قلورلر !

افندیلر ! بزلر اکر آلداقچی بولساق انسانلرغه یتشه آلورمزمو ؟ اوزیمزنیڭ ساقلامق یولیده شونچه‌لق تدبیر قلساق انسان جنسی‌نیڭ شر و فتنه‌لریدن قوتولوشمز ممکن بولورمو ایدی ؟ بوچاغقه‌چه‌لق بزلر دنیاده منقرض بولوب بر اوستنده اوروغیمز دن نام نشان قالورمو ایدی ؟ شول چاغده رئیس ایله باش کاتب قولاقینی بر برینه یقینلاشدوروب نیمه توغریدن بولسه کیرمك پچرلاشیب الدیلر .

ینه تولکی اوزینڭ سوزنده هنوز دوام قلیور. باشقه حیوانلرمو شول انسانلرنیڭ دخل و تعرضلریدن هیچ بر چاغده امین بولوب تورا آلمایدور ، بناءً علیه تاخیرغه قویماسدن بو ظلملردن قوتولوشنیڭ چاره‌سیغه کیرشماقیمز ضرور و لازمدور ، بو حقده بزلردن کوچلیراق - غیرتلیراق جنسداشلریمز نه‌نیڭ اختیار قلورلر . ایکان دیب تولکی افندی سوزینی توکاتیب توختادی . بوتون مجلس چاوك چالورلر . دوامی بار .

## شرقی ترکستان دولت قورولوشی مناسبتی ایله بولغان اولوغ نمایشغه بغیشلانیب

## دار المعلمین مدیری طوغرل بیك طرفندن سوزلانغان تیزمه .

قیلیب تنکری عنایت بزلره اقبال باشلاندی ❀ اوزولدی زنجر ذلت عجب بر حال باشلاندی
چیدبر روحلرینی قلغالی خوشحال باشلاندی ❀ چپالشدی ملتیم غیرتله استقبال باشلاندی



اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی آیلامك اجلال باشلاندی
اوتوب تاریخ بر مینك اوچ یوز ایللیك ایکی هجریدن ❀ بکرم اوچ رجب شنبه کونی اهلی حیتیدن
حکومتنك قوناقینه یغیلدی عالی همتدن ❀ همه کانه قومندانلر کلیشدی یخشی نیتدن
اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی آیلامك اجلال باشلاندی
عزیز مهمانیمز محمود ندیم بیك رهبر ملت ❀ قومندانلرغه باقیب دیدی آیلانك ملّه خدمت
شهرلق اندجانلق همده قرغزسن دیمنك هیچ وقت ❀ همه مز بر آتا اولادی هم افراد بر ملت
اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی آیلامك اجلال باشلاندی
الیب مصحف قولینه خدمت ایتماککه قسم آیلاب ❀ اوترکلیق حسیاتی برله بزلرغه کرم آیلاب
اوشالدم حاضرینغه قندی تأسیر کوزلی نم آیلاب ❀ اطاعت قلدیلار هر قاییسی قدینی خم آیلاب
اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی آیلامك اجلال باشلاندی
سوغوشی ناظرلیقینه مجلس اهلی‌نی تاماندین ❀ اورازبیك‌نی قویبولدی هپ قومندانلر قراریدن
بولوب مرکز قومندانی یو بانورلر آراسیدین ❀ اوشال مینکباشی یوسف‌جان ایرور ملت غلامیدین
اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی آیلامك اجلال باشلاندی
بوکون یکشنبه خورشید ناکه چیقاردی باش ❀ بولوطلر برله بلدام آیلاغان ایردیوکین کنکاش
که حائل بولماغیل حسنومنی آلترغه قلایدیب فاش ❀ صباهم باخبر ایردیموکین آنکا بولوب بولداش
اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی آیلامك اجلال باشلاندی
بزیم بایراقیمیز رەنکنده کیمشدی سما خلعت ❀ تمیز آیلر ایدی برفی قلیب باد صبا خدمت
کولوب اوینالب باقیب هر یان ایدی شاه کدا خوشوقت ❀ دعا آیلر ایدی خوار اولماسون دیب دائما ملت
اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی آیلامك اجلال باشلاندی
اوقوب شرقیلرن مکتبلیلر ملتنی مست ایلاب ❀ بیوك سردارلری کورغانده بر بردن سلام آیلاب
ثمن‌نیك اوتراسیغه توردیلر بار نسب قیام ایلاب ❀ تمام عسکر توروب صف آچدیلر بول احترام آیلاب
اوتوب دوری اسیری دوری استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی آیلامك اجلال باشلاندی
قیامی ساعت ایکیده خلایق انتظار ایردی ❀ کوتوب ایل باش وکیلنی بارچه‌سی بردن تورار ایردی
آلورغه رسیمیزنی اجنبی شخصلرده بار ایردی ❀ وکیللر نامینی بلمك اوچون یوزت بقرار ایردی

اوتوب دوری اسیری دوری استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال باشلاندی
کیلشدیلر اوشال دم حاجی ثابت برله مهمانلر ❀ سلام آیلاب تواضع قندیلر میدانده تورغانلر
همه عسکرلری برلن یتب کلدی قوماندانلر ❀ عدولر قایغوده خرسند ایدیلر اهل ایمانلر
اوتوب دوری اسیری دوری استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی آیلامك اجلال باشلاندی
اوقولدی حاجی ثابت‌نیك تامانیدن بیاننامه ❀ وکیللر شمع بولدیلر خلایق مثل پروانه
قیلب اعلان استقلال قورولدی ملی دورانه ❀ توراد ایردی عساکر صف توزوب میدانده مردانه
اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال باشلاندی
براریوزبای توپ آتیب ملی کوك بایراقنی اسدیلر ❀ اوتوب مکتبلیلر شرقیسنی دیل‌لرنی آچدیلر
منافق دینی سستلر اویلانیب حسرتده قالدیلر ❀ نمایش حکمتینی بلدیلر آخر اویالدیلر —
اوتوب‌دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال باشلاندی
بولوب هیئت رئیسی حاجی ثابت عقل کاملدن ❀ ینه عدلیه‌غه حاجی ظریف اهلی عدالتدن
که اوقاف ناظری اول حاجی شمس‌الدین افاضلدن ❀ مفتش حاجی اعلم بولدی اوزکاریغه عاملدن
اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال باشلاندی
معارف ناظری مخدوم تجارت ابولحسن حاجی ❀ ینه ایچکاری ایشلر ناظری یونس سعید حاجی
علی آخون بولوب مالیه‌غه صحیه‌غه خانی ❀ بولوب هیچ قالمدی ملتف آرمانی
اوتوب دوری اسیری‌دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال" باشلاندی
دغا آیلاب یانیب برچه حیت‌کامغه یغلدیلر ❀ هجوم آیلاب خلایق است اوستلرغه تقلدیلر
مجاهدلر کلیب صف تارتیبان برنر تزیلدیلر ❀ بلند آواز برلن باش وکیل سوزغه کریشدیلر
اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی آیلامك اجلال باشلاندی
دیندی یورتداشلرم بوکون اسارتدن قوتولغان کون ❀ بوکون کلفتده چکقان آهیمز تنکریغه یتکان کون
بو کون ایرکن بولوب ملت حکومت قولنه کرغان کون ❀ مجاهدلر وطندن دشمان ایلکینی قوروتغان کون
اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتینی ایلامك اجلال باشلاندی
بوکون حکومیتدن حاکمیتغه قدم باسدوق ❀ آچلدی باب رحمت بخت نصرتلی علم آسدق
یقلناس همم یوقالماس شانلی شوکتغه قدم باسدوق ❀ آلیب غیرت بو کوندن غالبیتغه قدم باسدق



اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتبنی آیلامك اجلال باشلاندی
چیلنك بر نیچه یل‌لرکتدی دولت جاهلیتدن ❀ بیلنك محکومیتنی یخشی کوردوك حاکمیتدن
یتوشدی ظلم کلفت پست‌طبیعت غیر ملتدن ❀ چقاردی اوزکالر برنی قتار آدمیتدن
اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتبنی ایلامك اجلال باشلاندی
کلینك دینداشلرم ملتکه خدمت آیلانکز ایمدی ❀ وطن‌نی ساقلامقغه تنبابن غیرت قیلنك ایمدی
ایا زاهد صفتلر ترك ایتب خلوت چقنك ایمدی ❀ اولوغ ایرکن حکومت قدرینی بولکون بیلینك ایمدی
اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتبنی ایلامك اجلال باشلاندی
تمام ایلاب سوزینی قبله‌غه باقیب دعا قلدی ❀ تمنی آیلادی یغلاب الهی ربنا دیدی
بو یولده بر نیچه ایزلر سنکا جانلر فدا قلدی ❀ عنایت آیلاغل آلترغه دیب حدسز رجا قلدی
اوتوب دوری اسیری دور استقلال باشلاندی ❀ پیغمبر سنتبنی آیلامك اجلال باشلاندی

طوغرول رحیمی.

## آلتای تاغلری

آلتای تاغلری چیچاکلر آچار ❀ آلتون‌کوش اوردوسر مه‌لرساچار
بوزیلمش خطایلر یل کبی قاچار ❀ ارسلان یکتلر قوغلاب آط چاپار
قدر بویله ایچیش ای غریب آنه ❀ قانم فدا بولسون بویله وطنه
من بر تورکوم اولمك ایستورم ❀ دنیایه حاکم بولمق ایستورم
اکر شهید اولور ایسم ❀ جنت بولور مینم یریم
قدر بویله ایچیش آی غریب آنه ❀ قانم فدا بولسون بویله وطنه
آلتای تاغلری قارسو تاغلری ❀ شهید اولانلری آناسی آغلر
آتاسز یتیملر یوللره باقار ❀ محزون کوزلری یوره‌کنی یاقار
آلتای تاغلرنده کویدم سیجاقده ❀ دونار دولاشیرم منتق قوجاقده
دوشمن جانی ایزلاب اختاریب ❀ تنهای توندہ کوندہ هر یاقده
قدر بویله ایچیش ای غریب آنه ❀ قانم فدا بولسون بویله وطنه

محمود نديم

## غیرتلی باتور:

غیرتلی باتور ❀ دوشمان سری یور ❀ قویبه وطنده ❀ ظالملری سوز ❀ نورلی الملر ❀ چکدیك یرانلر
سانسزستملر ❀ قیلدی یمانلر ❀ ایلیمکنی ایزدی ❀ یورتنکنی بوزدی ❀ اهل‌عیالینك ❀ غربتده یوردی
ناحق سالنغان ❀ باج ایله آلوان ❀ بایلیقلرینکنی ❀ قیلمشدی تالان ❀ شوردی‌زولوکدیك ❀ قانکنی سوندیك
حسرتلر آیلاب ❀ زرد آینی یوتدیك ❀ آه فغانلار ❀ چیقدی فلکغه ❀ اورلاب یتوشدی ❀ معصوم ملکغه
وحشت سوزولدی ❀ انمیش بل اولدی ❀ مجروح یوره کلر ❀ قانلرغه تولدی ❀ بتدی چیده‌ملر ❀ قوزغالدی ایرلر
ازولدی ایعدی ❀ تیمور کیشانلر ❀ ای شانلی ملت ❀ آتینکنی اوینات ❀ ملتقنی تولدور ❀ اوزینکنی آتکلات
ایلکاری آتلا ❀ رحم ایتمه اصلا ❀ آلدانماغیل هیچ ❀ یورتینکنی ساقلا ❀ بیضا قلیچنی ❀ قیندن سوغورغیل
آن‌ایمدی اوچنی ❀ توغراپ قلم قیل ❀ تورکنیك اوچاقی ❀ اوچماس چراغی ❀ هرکیز یراشماس برتغوچ سوراغی
تونکان خطایلر ❀ یورتینکنی چاغلر ❀ حاکملق آیلاب ❀ ایزمقنی خاهلر ❀ تنج‌تورسه‌تورن ❀ بولماسه کیتسون
کانسوغه باریب ❀ حکمین یوریتسون ❀ دردلی وطنداش ❀ حق سینکه یولباش ❀ ایمان پاکینك ❀ قلبنکده یولداش
اولکان شهیددور ❀ جایی بهشتدور ❀ قالغانله غازی ❀ تینکریم سوزیدور ❀ قرآن اوقورلر ❀ یاد ایله یورلر
اولادلرینك هیچ ❀ اونوتمایدورلر ❀ تنکریم مددقیل ❀ نصرت کرم قیل ❀ جانبازلق ایتکان ❀ ایزنی شاد قیل
ای صوفیزاده ❀ بولغیل دعاده ❀ یولداشلرینك هپ ❀ یتسون مراده ❀

# یورت خبرلری

## عثمان علی بیك نمیشقه هم قانداغ توتیلغان

عثمان علی بیك ایله تونشت، شریعتکه بویون آیکمای حکومتغه اطاعت ایتمای، اوزباشیچه بولوب دولتغه قاراشلیق یاراغ، مال اشیالرنی باسیب آلیب یولنی توسوب یولچیلرغه، کاروانلرغه ظلم و تعدی قیلب تنجلقنی بوزغان ایدی. حکومت طرفندن قلنغان نصیحت و تنبیه‌لرغه التفات قلمدی. بناً علیه آوّل باغیلرنی تونتشه ناظرلر هیئتی توختام قلدی.

باش وکالت‌نینك فرمانی برلن بوندن ۷ نجی شعبان یکشنبه کون چقدیم. مینك یولده قونوب، کینجه مینك باشینی عفونامه برلن بردانه قرآن حکیم بیریب یوللادیم. بوندن بالدور شهردن برقاتار مذکور کینجه مینکباشینی یبارغان ایردیم، عثمان علی بیك، بزنی ایلچیمزنی یخشی قبول ایتیب عزت و حرمت برلن یاندوز



غان ایدی، ایکنجی بارشده کینجه مینکباشی هنوز یولده ایکان، عثمان علی بیك‌نینك یولده‌غی ساقچیلری بزکه اوق آتیب اوت‌اچدی، بولرنینك بول حرکتیدن بزکومانغه قالیب عثمان علی بیك بزغه حیله‌چیلق قلغانلقی سزیلدی، شونینك‌اوچون توغری چونك‌یولنی قالدروب، قارانغولقنك اوستی قزیل‌اوینی یوقاری طرفندن کان‌سووی موضعیدن توسوب چقدیم، بزیتیب بارغونچه‌لق، اول‌یرده‌غی بعضی بولانکچی، طمع‌خورلرنی سوزی‌برلن غانجوغان پاشاسی قاچشغه اولکورکان ایکان. اوزاقدن قاره بولوت‌کبی کیلیب تورغان عسکرلرنی کورار کورماس یویقه کیم‌برلن حتی- توماقینی الشغه وقتی‌یتمای، مشرب داوانیغه قاراب یول‌سالغان پاشانی قاچوروب خزینه‌لرینی تالان بولان قلش‌خیالنده تورغانلرنی محاصره قلیب، حکومتغه قاراشلی تمام نرسه‌لرنی یازدیروب برمونچه عسکرنی قالدیریب عثمان علی بیك‌نی قولاب کینیدن یوردوم ایکنجی کونده مشرب داوانی‌نینك غربی‌طرفده، اوق‌سولوده یکرمه اوچ‌نفر عسکرلری برلن قولغه آلدیم.

اوست کیمی یویقه ایکان درحال پوستونیمنی سالیب اوستیغه یاپیب توماقنی کیکزیب، اون‌اوق برلن اوقلانیغلق تاپانچه بیریب تاقدیریب قویدوم قوش‌محمد فانصدنی تاپانچه‌سینی آلمدیم، عثمان پاشاغه یوز ایلینك سر پول بردیم اوزینك هم عائله‌لرینك بیش صندوقده‌غی قمت بها نرسه‌لرینی تاپشوردوم- تورت کیلام ۱۰ دانه تاوار کوریه، اون‌بیش تاغار کوروتچ اون بیش تغار اون بردیم، عثمان علی بیك‌نی اوکاسی شهید ار باتورنینك عائله‌سیغه- بر قاره اوي ۲ دانه کیلام سکز دانه تاوار کوریه بردیم- عدی‌نینك اوغلیکه بر آط، اوکاسینك اوغلیکه بر اط بردیم یولده- تنجلق اسایشلرنی جایلاشدردم- عثمان علی بیك‌نی عزت حرمت برلن کیلتوروب باش وکالتغه تاپشوردوم- فخری- ساقچیلر برلن حرمت برلن تنج یاشامقده دور

## مرکز قومندانی: یوسف‌جان

## وکیل عبداللطیف افندینك تشریفی

۱۰ نجي شعبانده- رئیس جمهور حضرتلرینك حضور عالیلرندن عالی یارلقلر برلن محترم وکیل عبداللطیف افندی باش وکالتغه تشریف بیوردیلر، مذکور افندینك تشریفی مناسبتیله باش وکالتده قومندانلرنینك فوق‌العاده مجلسلری بولدی، آرته‌سی محترم وکیل افندی یانکی شهرغه چقیب آنده توقیف ایتلغانلقی سپیلی تونکانلر ایله یانکیدن سوغوش باشلاندی.

ملی ایجاد... برلی هنرچیلریمزدن.

محمد آخون طاهر زاده‌نیك ایشلاب چقارغان یاغاچ مطبعه‌سی ایشکه کیرشدی ، مطبعه معارف نظارتی‌نیك بناسنده دور - حاضرده - مکتب درسلکلری باسش ایله مشغول‌دوز - تورلی بیورتمه‌لر قبول قلنغه تیار - مطبعه معارف نظارتنده اوزون مدت معطل تورغان - شولتوغریده طاهرزاده استقلال جمعیتیغه معلومات بیریب جمعیتدن یاردم سوراغان ایدی شول مناسبت برلن جمعیت ، مطبعه‌نی اوزینی قاراماغیده یورغوزشغه حاضرلق کورمقده ایدی ، انکلاساق معارف نظارتی مطبعه‌نی ایشقه کرغیزیدور بونیك اوچون - ملی مطبعه‌نی استقلال جمعیتی‌نیك قاراماغیکه الیش مسئله‌سینی موقت توختاتلدی .

## ملی امانت غالادانی بانکه‌سی :

شرقی ترکستان تجارت وزراعت نظارتی‌نیك یانیده " ملی امانت غالادانی " بانکه اچیلدی ، بانکه‌غه مدیر بولوب احمد اخوند مؤمن‌زاده تعینلاندی - کوبدن بیری شونداغ ملی بانکه‌غه احتیاج بیك زور ئیدی - خصوصاً سوداکرلریمزنیك اشلرینی آسانلاشدیرماقده ملی بانکه‌نیك اهمیتی بیوکدور .

## آلدن بولدن

بعضی مهم مذاکره‌لر اوچون آقسوغه کیتقان مالیه‌ناظری محترم علی‌اخونددای جنابلری ، سعادتلو غازی آتامزبك ذات شهانه‌لری طرفندن بیوك‌احترام عالی التفاتلرغه مظهر بولوب ١٧ نجی‌رمضان ده کاشغرغه تشریف بیوردیلر ⊛ باش‌وکالت اداره‌سیغه ایشلر مدیری بولوب محمدرضا خان تعینلانمشدور .

## عالی - منا لقلر

مرکز قوماندانی یوسف‌جان غازی - حکومت طرفندن بریلغان آیلقندن یته‌دن بربولا کینی الیب قالغان ئنی بریم بولا بی مجاهدلرنیك فائده‌سیغه بردی . مرکز قوماندانی معاونی سید قدرت‌الله خان افندی آیلقینی بیشدن برینی الیب قالغان ٤ - بولاکینی مجاهدلرنیك فائده‌سیغه تاپشوردی - خدای تعالی‌نیك یولنده ، کرکینی عمرینی جانینی مالینی فدا قلغوچی عالی همت جوانمرد باتورلریمز ایسان بولسونلر .

## تجارت نظارتیغه :

ایشلر مدیری بولوب انجوره اوغلی یوسف مظفر بیك تعینلنمشدور

## خصوصی علاوه بولقانلدی :

خارجی‌دولتلرنیك سودا وکیللری برلن موندن کین هیچ‌برسودا کر خصوصی علاقه قلمیدور - موندن کین بولغوسی سوداعلاقه‌لری حکومت‌ارقالی - جرت وزراعت نظارتی طرفندن بولادور . دیمك سوداکرلریمز بولخصوصده تجارت‌نظارتیغه مراجعت قلورلر - وزیاشیچه علاقه قلغان کشی جوابکر بولور دیب ناطورلر هیئتی توختام قلمشدور .

بلدریش : محترم اوقوغوچیلریمزغه بلدیره‌مزکه - مجموعه‌مزنیك کیلغوسی اوچونجی سانی - بیوك باتور - رئیس جمهور غازی آتامز خواجم نیاز حاجم حضرتلریغه بغیشلانسب چقادور .

## توزاتیش

نظارتلرنیك ایکی شعبه‌ گه تقسیماتی حقنده ، مطبعه‌ کجلیق بولوب اوشبو یانکلشلرنی - توزاتیب اوقیلسون !

١ - ... ماده‌ که .. " ملی مدافعه هم اقتصاد نظارتلری " ، حربیه ، خارجیه ، مالیه ، هم تجارت - صناعت - زراعت .

٢ - .. ماده‌ که .. " اداره هم مدنی نظارتلر " ، داخلیه ، دینیه - عدلیه ، معارف ، اوقاف هم حفظ صحت .

## استقلال جمعیتی‌نیك علمی هیئتی طرفندن

مجموعه مزده - حکومت اسلامیه مزغه بغیشلانغان قوزولوش نظامنامه‌سی درج ایتیلدی ، نظامنامه‌ده ، نظارتلرغه برموتچه نظام قانونلر یوکلانیلدی ، حکومتمز ترکلارنیك آتابابادن قالغان خلقچیلق مصلحت چیلق اساسیغه قوروب تورادور . بزنیك لائحه‌لریمزده بیوك کیمچیلیکلر بارلقی طبیعیدور ، لکن ملت مجلسی ، حکومتمز بولرنی کوروب تنقید تصحیح و تکمیل قلور البته ، هیئت بونی بیلب تورغولوق - بالفوز ملتکه خدمت قتارنده تکلیف قلور .

احترام ایله علمی هیئت .

تشکر قلورمز : مجموعه‌مزنیك اوشبوسانلرینی وجودغه چقاریشده بیوك خذمت قلغان مطبعه خادملری ، محمودخان افندی ایله جمال‌خان افندیلر ـ دن منتدارمز ـ کیلغوسی سانلرنی او زوقتیده اولکورتدروب بریشلریغه ایشانه‌مز

اعتذار : مجموعه‌مز رسملی بولوب چقماقچی ایدی ، مطبعه‌ده سینکوغرافیه بولماغانلقی توغرالو تیارلانغان رسملر قالدیریلدی .

---

# ایرکین ترکستان

هفته‌ده بر قاتار چقادورغان دینی ملی سیاسی " ایرکین ترکستان "، غزیته‌سیغه آبونه‌دفتری هرقاچان آچوقدور ، غزیته‌نیك دوامی ترقی و تعالیسی اوچون مشتری بولوب یازیلیش هر بر وطنداشنیك بورجیدور .

---

# ( استقلال )

ایکی هفته‌ده برقاتار تارقالادورغان دینی ملی علمی سیاسی اجتماعی ادبی اخلاقی تنقیدی " استقلال "، مجموعه‌سیغه مشتری بولوب یازیلشغه

آلدورانکیز ! آلدورانکیز !

یل‌لقی ۲۰ ـ سر ، آلته آیلقی ۱۱ ـ سر ، اوچ آیلقی ٦ ـ سر .

هر بر سانی برسر ـ خارج اوچون پوشته حقی آلنماس .

---

مراجعت اوچون ادریس : کاشغر یارباغ ـ ملی استقلال مجموعه‌سینك اداره‌سی

*Kashgar . Swedish Mission Press .*

# «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» غا رەددىيە

چېن بوچۇەن

شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرگىز بۈگۈنكى كۈننىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر بۇرۇن، مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىر مەھەل ئەسەبىلەشكەن، ھەتتا ئەدەپ كەتكەنىدى. 30 - يىللاردا قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر تۈرەلدۈرگەن ۋە بالا تاشلىۋەتكەن غەلىتە تۈرەلمە ئىدى. بۇ قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ قۇرغۇچىسى — مۇھەممەت ئىمىن (بۇغرا) سىيى ئۆزىدىن ئۆچىغا چىققان مىللىي بۆلگۈنچى ئىدى.

## 1. مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئەكسىيەتچىل، ئەرجىمھالى

مۇھەممەت ئىمىن شىنجاڭنىڭ خوتەن رايونىدىن، ياش ۋاقتىدا پانتۈركىزملىق، ۋە پانئىسلامىزملىق تەربىيە ئالغان، كېيىن ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىغا سېتىلغان ۋە ئۇنى شۇلار باققان.

مىللەتچىلىست جىن شۇرېننىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى پۇرسەت كەلدى، دەپ ھېسابلاپ، مۇھەممەت ئىمىننى بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كۈشكۈرتتى. مۇھەممەت ئىمىن ئەتراپىغا شېرىك توپلاپ، ئەنگلىيە جاسۇسلىرىنىڭ مەخپىي كۆرسەتمىسى بويىچە، جىن شۇرېن ھىندىستاندىن سېتىۋالغان بىر قىسىم ھەربىي قوراللارنى توشۇپ ماڭغانلارنى توسۇپ ۋە بۇ قوراللارنى بۇلاپ، قارا قاشتا غەلىيان كۆتۈردى، ئارقىدىن خوتەنگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىنى «خوتەن خانى» دەپ ئاتىدى. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ گۇما، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، قەشقەر كونىشەھەر قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. 1933 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مۇھەممەت ئىمىننىڭ قۇراشتۇرۇشى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. قورچاق ھۆكۈمەت مۇھەممەت ئىمىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي پروگراممىسىنى، سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش پروگراممىسىنى ۋە ئاساسىي قانۇننى ئېلان قىلدى. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان بۇ رەزىل كومېدىيىدە مۇھەممەت ئىمىن بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ «چوڭ تۆھپە» ياراتتى.

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىجرا قىلغان ئاگېجىن ۋە سىياسەتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىنتايىن ئارمەھكىمچى، ئەكسىيەتچى ۋە ئەشەددىي مىللىي بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتتۇر: ئۇ تۈزگەن ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي پروگراممىسىدا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» مەڭگۈ مۇستەقىل دۆلەت دەپ بەلگىلىدى، «تۈركىي مىللەتلەردىن باشقا بارلىق مىللەتلەرگە قارشى تۇرۇش لازىم» دەپ جار سالدى. بۇ قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رايونلاردا تۇرغۇن بىگۇنا خەنزۇلار، خۇيزۇلار ۋە باشقا مىللەت ئاھالىلىرى ئېغىر زىيانكەشلىككە ۋە رەھىمسىزلەرچە قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى.

ھالبۇكى، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ شىرىن چۈشى ئۇزاققا بارماي، ئىش ئۇلارنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقمىدى. 1934 - يىلىنىڭ باشلىرىدا خۇيزۇ مىللەتچىلىست ماجۇڭيىڭ خەنزۇ مىللەتچىلىست شېڭ شىسەي بىلەن بولغان كۈرەشتە يېڭىلىپ، ئۇنىڭ قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندە، 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قەشقەر كونىشەھەرنى ئىشغال قىلدى. شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى يىمىرىلدى، مۇھەممەت ئىمىن ئالدىراپ - تېنەپ خوتەنگە قېچىپ بېرىپ، ئۆز ئالدىغا يەنە بىر «خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى تىكلەپ، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللاندى. ئۇزاق ئۆتمەي، ماجۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسمى خوتەننى ئىشغال قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ كىچىككىنە مىللىي بۆلگۈنچى ھاكىمىيەتنىڭمۇ كۈنى كۆككە سورۇلدى. مۇھەممەت ئىمىن ئالدىراپ تېنەپ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ مۇستەملىكىسى — ھىندىستانغا قېچىپ، ئۇزۇن مۇددەت چەت ئەللىك خوجايىنىنىڭ خەيرى - ساخاۋىتىگە تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزدى، ئۇ سەرگەردان بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە بارلىق زېھنىنى سەرپ قىلىپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىقىپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئۈچۈن داۋاملىق جامائەت پىكرى تەييارلىماقچى بولدى.

## 2. «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نى يېزىشتىكى جىنايى مەقسىتى

مۇھەممەت ئىمىن بۇ كىتابنى شۇنچە ئىشتىياق بىلەن يېزىپ چىقىشىدا ئۇ مەشھۇر ئالىم بولۇشنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي سىياسىي مەقسەتنى كۆزلىگەن. ئۇ بۇ كىتابنىڭ «كىرىش سۆزى» نىڭ بېشىدىلا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بەختكە قارشى، شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئۇرغۇن شەرەپلىك تارىخىنى، تىللاردا داستان قىلغۇدەك قەھرىمانلىق جاسارىتىنى، دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ئىش - ئىزلىرىنى ۋە ئۆتمۈشتىكى دۆلىتىنىڭ ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، بەزىلەرنىڭ ئەبەرلىرىگە ئاسانلا ئىشىنىپ قېلىپ، تۈركىستاننىڭ تارىختا مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدۇ.» دېمەك ئۇ بۇ كىتابىدا تۈركىستان (شىنجاڭنى كۆرسىتىدۇ) قەدىمدىن تارتىپ «مۇستەقىل» دۆلەت ئىدى، دەپ داۋراڭ سالغان. ئارقىدىن يەنە: «شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك مىللىتى دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمىي، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە، دۇنيادا ئەڭ ئورنى بار،

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئەڭ تۆھپە قوشقان مىللەت» دەپ جار سالغان. ئاندىن مۇھەممەت ئىمىن مۇقامىنى ئۆزگەرتىپ، قايتۇرغان ھالدا مۇنداق دېگەن: «شۇنىڭدىن كېيىن، تۈركىستانلىقلار ئىقتىسادىي جەھەتتىلا ئەمەس، سىياسىي جەھەتتىمۇ ئاسارەت ۋە زۇلۇم ئاستىدا قالغان، مۇشۇنداق ئەھۋالدا بۇ مىللەتنى يوقىتىۋېتىش غەرىزى پەيدا بولۇپ، تۈركىستاننىڭ تارىخى يوق قىلىنىپ ئۆچۈرۈۋېتىلدى. ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن رايون قارانىيەتلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى.»
دېمەك، ئۇ بۇ كىتابىدا يات مىللەتلەر (ئاساسەن خەنزۇلارنى كۆزدە تۇتىدۇ) نىڭ تۈركلەرگە قىلغان «ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە سىياسىي زۇلۇمى» نى پاش قىلىپ، يات دۆلەت (جۇڭگونى دېمەكچى) نىڭ شىنجاڭغا «تاجاۋۇز» قىلغانلىقى ئۈستىدە شىكايەت قىلماقچى بولغان. ئاخىرىدا ئۇ ئېنىق قىلىپ: «بۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىتاب ۋەتەننى سۆيۈش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، مىللىتىمىزنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداپ قېلىشتا بىر ئۈلۈش كۈچ بولالىسا، بۇ مەن ئۈچۈن ئىپتىخارلىق ئىش بولاتتى.» دېگەن. دېمەك ئۇ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى غەرىزى — ئۆز مىللىتىنىڭ ۋەتىنىنى (بۆلۈنگەن ۋە مۇستەقىل بولغان شىنجاڭنى دېمەكچى) سۆيۈش، مىللەتنىڭ ھاياتىنى قوغداش (شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ «ئازادلىقى»نى قولغا كەلتۈرۈش) «ئاڭلىقلىقى» ۋە «ئاكتىپلىقى» نى ئۆستۈرۈش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

قىسقىسى، مۇھەممەت ئىمىن بۇرۇن قولغا قورال ئېلىپ ئاتاكىغا ئۆتۈپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى «بەرپا قىلىپ»، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن شاپاشلىغان بولسا، قورالنى تاشلاشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىنمۇ، قولغا قەلەم ئېلىپ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»نى يېزىپ، يەنە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. گەرچە شەكلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ماھىيىتى تامامەن بىردەك.

## 3. «پانتۈركىزم» تەرغىپ قىلىنغان

«شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دېگەن كىتابتا مۇھەممەت ئىمىن «پانتۈركىزم» نۇقتىئىنەزىرىنى كۈچەپ تەرغىپ قىلغان.

بىرىنچىدىن، مۇھەممەت ئىمىن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ئورنىنى غەرەزلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرگەن، ئۇ كىتابىنىڭ «كىرىش سۆزى» دە مۇنداق دېگەن: «ھازىرقى زامان ئەسەرلىرىدە ئېتىراپ قىلىنغان شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ زېمىن ئەزەلدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ ماكانى... تۈركلەرنىڭ رايونى ۋە يۇرتى ھەممە دۇنيا بويىچە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى.» شۇ پاراگرافتا ئۇ يەنە: «تۈركىستاندىكى تۈرك مىللىتى دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمىي، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە، دۇنيادا ئەڭ ئورنى بار، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئەڭ كۆپ تۆھپە قوشقان مىللەت» دېگەن. باشقىلارنى ئۆزىنىڭ سەپسەتىسىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ تارىخ لويىدۇرۇپ چىقىپ، «مىسىرنىڭ يېزىق شەكلى بىلەن قالدۇرغان مەلۇماتلىرىنى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، مىسىرنىڭ تارىخىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقا سۈرۈشكە بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. ھالبۇكى، مىسىرنىڭ يازما مەلۇماتلىرىدا بايان قىلىنغان تۈركلەرنىڭ يىراق قەدىم زاماندىكى تارىخى مىسىرلىقلارنىڭكىدىن 5000 يىل بۇرۇن» دەپ جۆيلىگەن، ئۇ بۇ يەردە مىسىرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى 6000 يىلدىن كۆپرەك بولغان بولسا، تۈركلەرنىڭ 11 مىڭ يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيەت تارىخى بار، دېمەكچى. مول ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار تۈركلەرنىڭ VII ئەسىردە يېزىق ئىجاد قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. لېكىن مۇھەممەت ئىمىن كىتابىنىڭ «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ يېزىقى» دېگەن پاراگرافىدا ئىززا تارتماي لاپ ئۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ كۆچۈش دەۋرىدىن بۇرۇنلا يېزىقى بار ئىدى.» ئۇ كىتابىنىڭ «تۈركلەرنىڭ كۆچۈش دەۋرى ۋە بۇ دەۋردىن كېيىنكى شەرقىي تۈركىستان» دېگەن پاراگرافىدا، تۈركلەر بۇنىڭدىن 9000 يىل بۇرۇن كۆچۈش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن، دەيدۇ، ناۋادا مۇشۇنداق بولسا، تۈركلەر بۇنىڭدىن 9000 يىل بۇرۇنلا يېزىق ئىجاد قىلغان بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، مۇھەممەت ئىمىن تۈرك دۆلىتىنىڭ دائىرىسىنى غەرەزلىك ھالدا كېڭەيتكەن، ئۇ كىتابىنىڭ «تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى» دېگەن پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «بۇ تارىخىي خاتىرىلەر تۈركلەر ۋەتىنىنىڭ چېگرىسىنى ئىسپاتلاپ بەردى. يەنى تۈركلەر ۋەتىنىنىڭ چېگرىسى غەربتە شىمالىي دېڭىزغىچە، شىمالدا ئاتاسقىچە، شەرقتە ياپون دېڭىزىغىچە، جەنۇبتا خۇاڭخې دەرياسى ھەمدە قاراقۇل چۆللىكىگىچە باردى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان كەڭ رايونلار تۈركلەرنىڭ زېمىنىدۇر، تارىخىي خاتىرىلەردە بۇ زېمىندا تۈركلەردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ياشىغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇمات چىقمايدۇ، يېقىنقى زامان ئەسەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى ئاسىيا قىتئەسىدۇر، ئۇ غەربتە شىمالىي دېڭىز، قىزىل دېڭىز، قارا دېڭىز ۋە ياۋروپاغا، شىمالدا شىمالىي مۇز ئوكيانغا، شەرقتە تىنچ ئوكيانغا، جەنۇبتا ھىندى ئوكيانغا تۇتاشقان.» ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى، ئۇ يەردە تۈركلەردىن باشقا مىللەتلەر بولمىغان دېيىش — ئاغزىغا كەلگەنچە بىلجىرلىغانلىق، مۇھەممەت ئىمىن ئاممىنى ئالداش ئۈچۈن ھەتتا ئەڭ ئەقەللىي تارىخىي بىلىم ۋە جۇغراپىيىنىڭ ئۇقۇمىنىمۇ تىلغا ئالمىغان!

مۇھەممەت ئىمىننىڭ «تۈرك مىللىتى» نى شۇنچە كۆككە

كۆتۈرۈپ، «تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى» نىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىكى مەقسىتى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنى قىزغىن سۆيۈشتەك غۇرۇرىدىن پايدىلىنىپ، بۇنداق نورمال مىللىي ھېسسىياتنى قەستەن تۈزۈق يولغا باشلاپ، ئۇنى ھېچكىمنىڭ كۆزىگە ئىلمايدىغان، ئۆزىنىلا قالتىس چاغلايدىغان چوڭچىلىق سەۋداسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن بۇ خىل مىللىي چوڭچىلىق سەۋداسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك غەرىزىگە يېتىشكە، ھەتتا بۈيۈك تۈرك ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىش شىرىن چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بىز مۇھەممەت ئىمىننىڭ بۇ خىل ئۇسۇلىغا ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز لازىم، تارىخىي تەجرىبىلەر ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ، گىتلېرمۇ شۇنداق قىلغانىدى، گىتلېر نېمىس مىللىتى دۇنيا بويىچە ئېسىل مىللەت، يەھۇدىيلار ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى پەس مىللەت دېگەننى كۈچەپ تەرغىب قىلىپ، غەرەزلىك ھالدا مىللىي چوڭچىلىق سەۋداسىنى قوزغاپ، فاشىستىك ئەسەبىي كەيپىياتنى قوزغىتىپ، «3 - ئىمپېرىيە» نى قۇرۇپ، سىرتقا قارىتا غالجىرلارچە تاجاۋۇز قىلىپ، يەھۇدىيلارنى ۋە باشقا مىللەتلەرنى قىردى. ئاخىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئاۋادا مۇۋاپىق خەلقئارا شارائىت ۋە سىياسىي كىلىمات بولسا، مۇھەممەت ئىمىننىڭ گۇپپاڭچى ئەۋلادلىرىمۇ گىتلېرغا ئوخشاش ئىشنى قىلىدۇ.

## 4. «مۇستەقىل بولۇش» نى تەرغىب قىلىپ «بۆلگۈنچىلىك» نى مەدھىيىلىگەن


شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە تارىخىي ئاساس تېپىپ بېرىش ئۈچۈن، مۇھەممەت ئىمىن يازما يادىكارلىقلاردىكى ھەقىقىي مەلۇماتلارغا قارىماي، «شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت ئىدى» دېگەن سەپسەتىنى كۈچەپ تەرغىب قىلغان. ئۇ كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئەسەر شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭنى دېمەكچى) نىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ مەشھۇر، مەدەنىيىتى ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان دۆلەت ئىكەنلىكىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.» «بەختكە قارشى، شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئۇرغۇن شەرەپلىك تارىخىنى بىلمەيدۇ.. تۈركىستاننىڭ تارىختا مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدۇ.» مۇشۇنداق بۆلگۈنچىلىك مەيدانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مۇھەممەت ئىمىن تۈركلەرنىڭ، تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ھۇنلارنىڭ، تۈركلەرنىڭ يېقىن قوۋمى ئۇيغۇر (خۇيخې) لارنىڭ شۇنداقلا ئۇزاق قەدىمكى زاماندا تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ياشىغان ئۇرغۇن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ قەدىمكى شىمال مىللەتلىرى ئىكەنلىكىنى، بۇ مىللەتلەر قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان. پۇرسەت بولسىلا، ئۇ بۇ مىللەتلەر قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى «مۇستەقىل دۆلەت» ئىدى، ئۇلار قەدىمكى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز — جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئەمەس ئىدى دېگەننى تەكىتلىگەن، ھەتتا بۇ دۆلەتلەرنى «جۇڭگو» بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى قىلىپ قويغان. ئالايلۇق، ئۇ كىتابىنىڭ «تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى» دېگەن پاراگرافىدا «شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭنى دېمەكچى)، غەربىي تۈركىستان (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى دېمەكچى) تۈركلەرنىڭ ۋەتىنى» دېگەن. «ئۇيغۇرلارنىڭ تەشكىلى» دېگەن پاراگرافىدا يەنە: «شەرقىي تۈركىستاندا 19 مۇستەقىل دۆلەت بولغان» دېگەن. ئارقىدىنلا ئۇ بۇ 19 دۆلەتنىڭ قانداق قىلىپ «ئۇيغۇر دۆلىتى» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى دۆلەت بولۇپ بىرلەشكەنلىكىنى ئىزاھلىغان، ئاندىن ئۇ: «بۇ ئىككى ئۇيغۇر دۆلىتى پۈتۈنلەي مۇستەقىل، قۇدرەتلىك دۆلەت ئىدى» دېگەن. ئۇ ھەتتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى تارىخ توغرىسىدىمۇ كۆزىنى يۇمۇپلا قارىسىغا سۆزلەپ، ئىنتايىن ئىشەنچلىك تەلەپپۇز بىلەن: «(چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى) ھىجرىيە 1240 - يىلى (مىلادى 1824 - يىلى) جاھانگىر خوجىنى ئەسىر ئېلىپ بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىپ، ھىجرىيە 1241 - يىلى (1825 - يىلى) ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەمما جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى يەنىلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ پادىشاھى بولۇپ، داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بەلكى جۇڭگو قوشۇنلىرى خەلقنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچراپ ئىلگىرىلىيەلمىدى، خەلق جۇڭگو قوشۇنلىرىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن ئەھۋالدا مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قالدى» دېگەن. پۈتۈن كىتابقا نەزەر سالساق، پۇرسەت بولسىلا ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى چوڭ - كىچىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل دۆلەت ئىدى، دېگەننى تەرغىب قىلىپ، ھەممىلا جايدا «مۇستەقىللىك»، «مۇستەقىللىك» دەپ جار سېلىپ، شۇ ئارقىلىق مىللىي بۆلگۈنچىلىك داۋرىڭىنى كۈچەيتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

مۇھەممەت ئىمىن شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن بۇيان ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىز قالغاندا، بۇ، جۇڭگونىڭ «شەرقىي تۈركىستانغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقى» دەپ جېنىنىڭ بارىچە تۆھمەت قىلغان ھەمدە ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن ۋاقتىنى ئىلاج قىلىپ قىسقارتىشقا ئۇرۇنغان. ئۇ كىتابىنىڭ «جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تۇنجى قېتىم بېسىپ كىرىشى» دېگەن پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «جاڭ چيەن مىلادىدىن 59 يىل بۇرۇن روران، قۇچۇ ئىككى دۆلەتنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇب قىلىپ، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قارا شەھەر،

كۇچا، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق 36 دۆلەتكە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە بېسىۋالدى. جۇڭگو پادىشاھى جاڭ چيەننى شەرقىي تۈركىستاننىڭ باش ھەربىي ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، لوپنۇر ئەتراپىدىكى ئۈرلى (جىبدىر) شەھرىنى ۋالىي ئولتۇرىدىغان جاي قىلىپ تاللىدى. جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغان ۋاقتى جەمئىي 49 يىل بولغان.» ھازىرچە يۇقىرىدىكى ئابزاس سۆزدىكى تارىخىي پاكىتلارنىڭ خاتالىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئىچكىرىدىكى مەركىزىي خاندانلىقلار بىلەن بىرلىككە كەلگەن ۋاقتىغا كەلسەك، غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا قورۇقچە بەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندىن تارتىپ، شىمالىي لياڭ خانلىقى غەربىي يۇرتنى ۋەكالەتەن ئىدارە قىلغانغا قەدەر، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 500 يىل ئۆتكەن، مۇھەممەت ئىمىن بولسا «جەمئىي 49 يىل» دەپ توپتوغرا ئونوندىن توقسۇز قىسمىنى قىسقارتىۋەتكەن! يەنە ئالايلۇق، ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى بايان قىلىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تالاس جېڭىدە مەغلۇب بولغانلىقىنى ـ ھەۋەس بىلەن تەسۋىرلىگەن، ئۇ كىتابىنىڭ «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىكى ۋە ئۇنىڭ مىڭ يىلغىچە جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتۇلۇشى» دېگەن پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ مۇسلىم گاۋشيەنجىنىڭ ئىنسانىيەتسىزلىك قىلمىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھىجرىيە 734 - يىلى زىيادنى خۇراسان ۋە غەربىي تۈركىستاندىكى تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ، زور قوشۇننى باشلاپ جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، گاۋ شيەنجى قارلۇق ۋە باشقا تۈرك قوشۇنلىرىدىن ئەسكەر ئېلىپ ئۇسۇپ زەربە بەردى. ئىككى قوشۇن تالاس شەھرى ئەتراپىدا ئېلىشتى، سەككىز يىلدىن بۇيان جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش پەيتىنى كۈتۈپ تۇرغان تۈرك قوشۇنلىرى، بۇ چاغدا بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ جۇڭگو قوشۇنلىرىغا زەربە بەردى، گاۋ شيەنجى بىر نەچچە ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ قېچىپ كەتتى. جۇڭگو قوشۇنى ئالدى ۋە كەينىدىن زەربىگە ئۇچراپ، پۈتۈنلەي يوقىتىلدى... تۈركلەر جۇڭگونىڭ تۈركىستاندىكى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭگونىڭ تۈركىستاننى بېسىۋالغان كۈچلىرىنى ئازىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مىڭ يىلدىن ئارتۇق جەرياندا جۇڭگونىڭ قوراللىق كۈچلىرى شەرقىي تۈركىستانغا قوراللىق تاجاۋۇز قىلالمىدى. تاكى ھىجرىيە 1172 - يىلغا قەدەر، تۈركىستان خەلقى جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتۇلۇپ، بەختىيار، خاتىرجەم ياشىدى.» (ھىجرىيە 134 - يىلى مىلادى 751 - يىلنى، ھىجرىيە 1172 - يىلى مىلادى 1758 - يىلنى كۆرسىتىدۇ) يۇقىرىقى سۆزدە مۇھەممەت ئىمىن تالاس ئۇرۇشىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان «مۇستەقىل ئىدى» دەپ كېسىپ ئېيتقان، ئەمەلىي ئەھۋال زادى قانداق؟ ئالدى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى قورۇقچە بەگ مەھكىمىسى جېنيۈەننىڭ 3 - يىلى (مىلادى 787 - يىل) غىچە، بېشبالىق قورۇقچە بەگ مەھكىمىسى جېنيۈەننىڭ 7 - يىلى (مىلادى 791 - يىلى) غىچە مەۋجۇت بولغان. ئارقىدىن ئۇيغۇرخانلىقى (ئورخۇن ئۇيغۇرخانلىقى ـ ت) مىلادى 840 - يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ئارقىدىن يەنە قوچو ئۇيغۇرخانلىقى، كۇسەن ئۇيغۇر دۆلىتى، قاراخانىيلار سۇلالىسى، قىتانلار قۇرغان غەربىي لياۋ سۇلالىسى مەۋجۇت بولغان. ئەجەبا، ئۇيغۇر (خۇيخې) لار بىلەن قىتانلار جۇڭگونىڭ قەدىمكى مىللەتلىرى ئەمەسمىكەن؟ ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل خانلىقى، چىڭگىزخان سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن زېمىندا قۇرۇلغان چاغاتاي خانلىقى، ئوگداي خانلىقى، قىپچاق خانلىقلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقى، چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىقى تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە داۋاملاشقان. ئەجەبا، موڭغۇللار جۇڭگونىڭ قەدىمكى مىللىتى ئەمەسمىكەن؟ جۇڭگونىڭ بۇ قەدىمكى مىللەتلىرىنىڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلىكى شىنجاڭنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز بىلەن بىرلىككە كەلگەنلىكىنىڭ پولاتتەك پاكىتى ئەمەسمۇ؟

بۇنىڭدىن باشقا، مۇھەممەت ئىمىن كىتابىنىڭ «بىرىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب (جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلىڭىنى دېمەكچى) تىن ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب (ۋەلىخاننىڭ توپىلىڭىنى دېمەكچى) قىچە بولغان 50 يىل جەرياندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن پاراگرافىدا گەپنى گەپ چىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ يەرلىك مىللىي بۆلگۈنچى [illegible] ئاشكارىلاپ مۇنداق دېگەن: «شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى جۇڭگونىڭ ئاسارىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ، دۇنيادىكى ئەركىن مىللەتلەرگە ئوخشاش، ئەركىن، ئازاد تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇش.» بۇ، مۇھەممەت ئىمىندىن ئىبارەت كونا ماركىلىق مىللىي بۆلگۈنچىنىڭ ئاتالمىش «ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى» بولۇپلا قالماي، شىنجاڭدا يېقىندىن پەيدا بولغان بارلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭمۇ «ھەرىكەت نىشانى.»

(ئاخىرى كېيىنكى سانىمىزنىڭ ئەتىكى سانىنىڭ 5 - بېتىدە)



(بېشى گېزىتىمىزنىڭ ئۆتكەن سانىنىڭ 5 - بېتىدە)

## 5. شىنجاڭنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشىگە «تاجاۋۇزچىلىق» دەپ تۆھمەت قىلغان

مۇھەممەت ئىمىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگوغا چىش ىرنىقىغىچە قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەن. ئۇ كىتابىنىڭ «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مۇلاھىزە» دېگەن پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «جۇڭگو ئەسلىدىنلا شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللەتلەرنىڭ 3000 يىللىق دۈشمىنى ئىدى.» «قەدىمكى تۈركلەر ۋە جۇڭگونىڭ سىياسىتى ئۈستىدە تەھلىل» دېگەن پاراگرافىدا مەسخىرە ئارىلاش مۇنداق دېگەن: «جۇڭگو تەرەپ گەرچە جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغارلىقىنى، سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى دائىم كۆككە كۆتۈرسىمۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ سىياسىتى تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرگە ئىگە.» ئۇ ھەتتا كىتابىنىڭ مەخسۇس ئاجراتقان بىر پاراگرافىغا «جۇڭگونىڭ سىياسىتى تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرگە ئىگە، ئىنسانىيەتسىز، ھىيلە-گەرلىك سىياسەت» دەپ ماۋزۇ قويۇپ، جۇڭگوغا بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ ئەڭ زەھەرخەندىلىك سۆزلەر بىلەن قارغاپ مۇنداق دېگەن: «جۇڭگو كۈچەيگەن ياكى ئاجىزلاشقان مەزگىللەردە بولسۇن، باشتىن - ئاياغ تۈرك قەۋملىرىنىڭ كۈچلۈك رەقىبى بولۇپ كەلدى، ئۇرۇش دەۋرى ياكى تىنچ دەۋردە بولسۇن، جۇڭگو تەرەپ ھەقىقىي ئىناقلىق پوزىتسىيىسىنى زادىلا ئىپادىلىمەي، ھەمىشە ئىنسانىيەتسىزلىك روھىنى ئىپادىلىدى.»

شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىز بىلەن بىرلىككە كېلىشى ئۇزاق تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن، بۇ جەرياننىڭ ھەر بىر قەدىمى بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى بەرپا قىلىشقا قوشۇلغان تۆھپە بولۇپ، ئۇنى راسا مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ، ئەمما ھەر قېتىم بۇ ئۇلۇغ تارىخىي جەرياننى تىلغا ئالغاندا، مۇھەممەت ئىمىن ھامان ئۇنى كۆچەپ قارغىغان. ئۇ كىتابىنىڭ «جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئۇنجى قېتىم بېسىپ كىرىشى» دېگەن پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «جاڭ چيەن مىلادىدىن 59 يىل بۇرۇن روران، قوجۇ ئىككى دۆلەتنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قارا شەھەر، كۇچا، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق 36 دۆلەتكە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە بېسىۋالدى. جۇڭگو پادىشاھى جاڭ چيەننى شەرقىي تۈركىستاننىڭ باش ھەربىي ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، لوپنۇر ئەتراپىدىكى ئۇرلى (چېدىر) شەھرىنى ۋالىي تۇرىدىغان جاي قىلىپ تاللىدى.» بۇ يەردە مۇھەممەت ئىمىن خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنى «بېسىۋالدى» دەپ قارىغان. «مەنچىڭ پادىشاھلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىش غەرىزى ۋە بۇ غەرەزنىڭ ئەمەلگە ئېشىش سەۋەبلىرى» دېگەن پاراگرافىدا، مۇھەممەت ئىمىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى يۈرگۈزگەن سىياسىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «جۇڭگولۇقلار ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، تۈركىستاندىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىرقىنى دۇنيادىن يوقىتىۋەتمەكچى بولدى ھەمدە شەرقىي تۈركىستاننى جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىپ يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن سۇيىقەست قىلدى ۋە زەھەرلىك ۋاسىتىلەرنى قوللاندى. بۇنىڭدىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو مىللىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئۆچمەنلىك قىلىش ھېسسىياتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.» بۇ يەردە مۇھەممەت ئىمىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىنى «يۇتۇۋېلىش» دەپ، «سۇيىقەست»، «زەھەرلىك ۋاستە قوللاندى» دەپ جىنىڭ بارىچە قارغىغان. «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆز ئىستىقلالىدىن مەھرۇم بولۇشى» دېگەن پاراگرافىدا، مۇھەممەت ئىمىن مۇنداق دېگەن: «لىيۇجىنتاڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بىر ئەسكەر، بىر پاي ئوقمۇ چىقىم قىلماي، يەكەن، خوتەنلەرنى ئىگىلىۋالدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، بىچارە - سۆيۈملۈك شەرقىي تۈركىستان جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ، مىلادى 1877 - يىلى، يەنى ھىجرىيە 1294 - يىلى ئىستىقلالىدىن مەھرۇم بولدى.» زوزۇڭتاڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە لىيۇجىنتاڭنىڭ قوقەنلىك تاجاۋۇزچى، ھەربىي ئاتامان ياقۇپبەگ باندىتلىرىنى تازىلاپ، شىنجاڭنى يېڭىباشتىن تىنجىتىشمۇ يېقىنقى زاماندا ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىككە كېلىشىدىكى زور ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەت ئىمىن بولسا بۇنى «جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزچىلىقى» دەپ ئاتىغان ھەمدە قايتۇرغان ھالدا شەرقىي تۈركىستان شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «ئىستىقلالىدىن مەھرۇم بولدى» دېگەن. ئەجەبا، شىنجاڭنى قوقەنلىك كېڭەيمىچى ئۇنسۇر بېسىۋېلىپ چەت ئەلنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرسا بۇنىڭ ئىستىقلالى بولغان بولامتى؟ مۇشۇ سۆزلەردىن مۇھەممەت ئىمىن مىللىي بۆلگۈنچىلا ئەمەس، بەلكى ۋەتەن ساتقۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 6. تارىخنى ئۆزگەرتىپ، توپىلاڭ ۋە بۆلگۈنچىلىكنى «ئىنقىلاب» دەپ مەدھىيىلىگەن

مۇھەممەت ئىمىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونى قارغاش بىلەن بىللە، مۇستەقىللىق ۋە بۆلگۈنچىلىك ئۈستىدە ھەدەپ داۋراڭ سېلىپ، شىنجاڭ تارىخىدىكى بىرلىككە قارشى تۇرغان، بۆلگۈنچىلىك قىلغان توپىلاڭلارنىڭ ھەممىسىنى «ئىنقىلاب» دەپ

مەدھىيىلىگەن. ئۇ كىتابىنىڭ «شەرقتە قارلۇق دۆلىتى، غەربتە تۈرگەش دۆلىتى قۇرۇلۇپ، كۆك تۈرك دۆلىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى» دېگەن پاراگرافىدا مۇنداق دېگەن: «كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ زۇلۇمى ئاستىدىكى تۈركلەر تۈرلۈك ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە ئۇچراپ، مۇنقەرزلىكنىڭ ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. جۇڭگودىن مەرتىۋە - ئۇنۋان ئالغان خانلار ۋە خانىشلار جۇڭگونىڭ ئۇلارنى ئەتىۋارلىغانلىقىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ، جۇڭگو ھەدىيە قىلغان سوۋغاتلارنى ئىنتايىن قىممەتلىك، چەكسىز شەرەپلىك، دەپ ھېسابلىدى. لېكىن ۋەتەنپەرۋەرلەر ۋە خەلق ئاممىسى ئۇلارغا نارازى بولۇپ، جۇڭگونىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتتى. شۇڭا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مۇستەقىللىك ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىش تۈرك رايونىدا دائىم يۈز بېرىپ تۇردى. ئاخىرى ئۇۋەندىكى ئىككى ئىنقىلاب (قارلۇقلار بىلەن تۈرگەشلەرنىڭ قوزغىلىڭىنى دېمەكچى) مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، جۇڭگو قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى، تۈركلەر ئازاد بولۇپ، كۆك تۈرك دۆلىتى ئەسلىگە كەلدى.»

«تاڭنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، «يېڭى تاڭنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، VII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، تۈرگەشلەر غەربىي تۈركلەرنىڭ ئون قەبىلە قاغانى ئاستا قوشالوغا قارشى كۈرەشتە پەيدىنپەي قۇدرەت تېپىپ تۈرگەش خانلىقىنى قۇرغان، ئۇنىڭ قاغانلىرى شاگىل، سۇلۇلار تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلىپ، تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن غەربتىكى چېگرا رايونىنى قوغدىغان. VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇيغۇر (خۇيخې)، قارلۇق، باسمىل ئۈچ قەبىلە بىرلىشىپ شەرقىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغان، غەلىبە قازانغاندىن كېيىن باسمىللارنىڭ سەردارىنى قاغان قىلىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان باسمىل خانلىقىنى قۇرغان، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى ئۇيغۇر خانلىقى ئىگىلىگەن. مۇھەممەت ئىمىننىڭ باسمىل خانلىقىنى خاتا ھالدا قارلۇق خانلىقى دەپ ئاتىغانلىقى، ئۇنىڭ تارىخ بىلىمى ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، تۈرگەش خانلىقى بىلەن باسمىل خانلىقىنىڭ ھەر ئىككىسى غەربىي تۈركلەر بىلەن شەرقىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقىپ غەلىبە قازانغاندىن كېيىن قۇرۇلغان مىللىي ھاكىمىيەتلەر ئىدى، مۇھەممەت ئىمىن بولسا قاراپ تۇرۇپ ئۇلارنى «جۇڭگوغا» قارشى قىلىنغان «ئىنقىلاب»، «تۈركلەرنى ئازاد قىلغان» دەۋالغان. تارىخنى بۇنداق ئۆزگەرتىش قەدىمدىن ھازىرغىچە كەمدىن كەم كۆرۈلگەن!

«قەدىمكى تۈركلەر ۋە جۇڭگونىڭ سىياسىتى ئۈستىدە تەھلىل» دېگەن پاراگرافىدا، مۇھەممەت ئىمىن ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ مۇنداق دېگەن: «بەزىدە تۈرك ئىمپېرىيىسى جۇڭگودىن مەغلۇپ بولغان، كۈچى ئاجىزلاشقان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگوغا بەيئەت قىلمىدى، باج - سېلىقمۇ تۆلىمىدى، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئاخىرغىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي، شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى، چۈنكى تۈركلەر ئاسارەت ئاستىدا ياشاشنى نومۇس دەپ بىلەتتى، شۇڭا ھەربىر تۈرك دۆلەت، مىللەت ئۈچۈن ھېچنېمىسىنى ئايىماي شەرەپنى قولغا كەلتۈرۈشكە رازىكى، شان - شەرەپنى يوقىتىپ، مەنىسىز ھايات كەچۈرۈشنى خالىمايدۇ.» 200 يىلدىن ئارتۇق تۈرك تارىخىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلساق، ئۇنداق ئىش زادىلا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلىمىز، مۇھەممەت ئىمىن نېمىشقا جۇڭگوغا «ئاخىرىغىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمىغان» تۈرك قەھرىمانلىرىنى ئويدۇرۇپ چىقىدۇ؟ ئۇنىڭ مەقسىتى — باشقا مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىمۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە، پايدىسىز ئەھۋالدىمۇ «ئاخىرىغىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماسلىق»قا قۇترىتىش. ئەمەلىيەتتە، مۇھەممەت ئىمىن ئۆزى ئەزەلدىن ئۇنداق قىلمىغان، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» يىمىرىلگەندە، ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ خوتەنگە قاچقان؛ «خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ كۆلى كۆككە سورۇلغاندا، ئۇ يەنە ئالدىراپ - تېنەپ ھىندىستانغا قاچقان؛ ھىندىستاندا شان - شەرەپتىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن مەھرۇم بولۇپ، مەنىسىز ھايات كەچۈرۈپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ سەدىقىسىگە تايىنىپ ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇھەممەت ئىمىننىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى ئادەم ئالدايدىغان سەپسەتە.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ۋە يېقىنقى زاماندا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن توپىلاڭلارنى مۇھەممەت ئىمىن تېخىمۇ كۆچەپ مەدھىيىلىگەن. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن چاغدا، بۆلۈنمە ھاكىمىيەت بولۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان چوڭ - كىچىك خوجىلارنى يوقاتقان، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ كەتكەن. قوقەن كېڭەيمىچىلىرى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشنى ئويلاپ، چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى شىنجاڭنى پاراكەندە قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ، ئۇلارنى كېڭەيمىچىلىك سۈيقەستى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان، چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ قايتا باش كۆتۈرۈپ «قولدىن كەتكەن جەننىتى»نى قايتۇرۇۋېلىش خام خىيالىدا بولغان. مىلادى 1824 - يىلدىن 1926 - يىلغىچە توپىلاڭ كۆتۈرگەن جاھانگىر خوجا چوڭ خوجا (بۇرھانىدىن — ت) نىڭ نەۋرىسى ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن ئۇنى «ئىنقىلابىي داھىي» دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ توپىلاڭچى كۈچلىرىنى «ئىنقىلابىي كۈچلەر» دەپ ئاتىغان. مۇھەممەت ئىمىن يەنە شۇ ئابزاستا يۇقىرىقىغا ئوخشاش سۆزلەر

بلەن ملادى 1830 - يلدكى يۈسۈپ خوجا (چوڭ خوجنڭ چوڭ نەۋرسى، جاھانگر خوجنڭ ئاغسى) توپلاڭنى ئەسۋرلەپ، بۇ توپلاڭنى «ئككنچى قېتملق ئنقلاب» دەپ ئاتىغان، ئارقدنلا يەنە تېخمۇ كەڭ سەھپە ئاجرتپ، ملادى 1847 - يلدن 1857 - يلغچە بولغان ئارلقتا يۈز بەرگەن ۋەلخان (جاھانگر خوجنڭ ئنسى باۋۇدۇننڭ ئوغلى) توپلاڭنى «ئۈچنچى قېتملق ئنقلاب» دەپ ئاتىغان. ئاخرقى يەكۈندە بۇ توپلاڭلارغا يۇقرى باھا بېرىپ: «شەرقي تۈركستان خەلقنڭ ئنقلابنڭ مەقستى جۇڭگونڭ ئاسارتدن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ، دۇنيادكى ئەركن مللەتلەرگە ئوخشاش ئەركن، ئازاد تۇرمۇشتن بەھرمەن بولۇش» دېگەن. ئەمەليەتتە، مەيلى جاھانگر خوجا بولسۇن، ياكى ۋەلخان بولسۇن، ئۇلارنڭ توپلاڭلرنڭ مەقستى شنجاڭغا قايتپ زومگەر بولۇپ، ئەيشى – ئشرەتلك تۇرمۇش كەچۈرۈشتن ئبارەت. مۇھەممەت ئمننڭ بۇ توپلاڭچلار ئۈچۈن «مللەتنڭ ئەركنلكى، ئازادلقى» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چقشى «قوي كاللسنى ئېسپ قويۇپ، ئت گۆشنى سېتپ»، تېخمۇ كۆپ نادان كشلەرنى ئالدام خالتسغا چۈشۈرۈشكە ئورۇنغانلق، خالاس.

## 7. توپلاڭغا ۋە بۆلگۈنچلككە قۇترتش خىتابنامسى

«شەرقي تۈركستان تارخى» دېگەن كتابنڭ ئاخرىدا، مۇھەممەت ئمن شنجاڭ تارخغا مۇناسۋەتسز بر نېمەلەرنى يېزپ، مللي بۆلگۈنچلك مەۋقەسى ۋە پوزتسيسنى چقش قلپ، ئەينى چاغدكى شنجاڭنڭ ئجتمائي ئەھۋالغا باھا بەرگەن، ئۇ بۇ ئابزاس سۆزگە «شەرقي تۈركستاننڭ ئەھۋالى ھەققدە مۇلاھزە» دەپ ماۋزۇ قويغان، ئۇننڭ ئاساسي مەزمۇنى مۇنداق: «بر مللەتنڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققياتى شۇ مللەتنڭ ئۆزنڭ ئېھتياجى ۋە مۇقەددەس ۋەزپسى، مللەتنڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققياتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەربر كشى تىرشپ كۈرەش قلشى، بارلقنى قۇربان قلشى لازم؛ مللەتنڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققياتدكى بارلق توسقۇنلۇق ۋە قىينچلقلارنى پاناال يوقتش، يېڭش كېرەك، بردەك ئتتپاقلشپ، كۈچنى توپلاپ، سرتقى كۈچنڭ تاجاۋۇزى ۋە ئاسارتدن ساقلنش لازم، شۇنداق قلغاندلا، ئاندن مللەتنڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققياتنى ساقلغلى، بارلق قىينچلقلارنى يەڭگلى، بارلق كۈرەشلەردە غەلبە قازانغلى، سرتقى كۈچنڭ بسمنى چەكلگلى بولدۇ، بۇ ھەربر كشنڭ مۇقەددەس ئۇلۇغ ۋەزپسى. لېكن شەرقي تۈركستانلقلار بۇ ۋەزپنى ئورۇنداشقا تىرشچانلق كۆرسەتتمۇ؟

بز بۇ مەسلگە شۇنداق جاۋاب بېرمزكى: شەرقي تۈركستان خەلقى ئۆزنڭ مۇقەددەس بۇرچنى ئېنق ئورۇندغنى يوق. ئنتاين ئاز ساندكى كشلەر مللەتنڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققياتى ئۈچۈن تىرشپ كۈرەش قلشقا كۆڭلدە ناھايتى قىزغن بولسمۇ، لېكن ئەمەلي ھەرىكەت قلمدى.» مۇھەممەت ئمن بۇ يەردە «ھەربر شەرقي تۈركستان خەلقى» نى مللي بۆلگۈنچلەرنڭ خام خيالنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «بردەك ئتتپاقلشش» قا، «كۈچنى توپلاپ كۈرەش قلش» قا كۈچنڭ بارچە قۇتراتقان. ئارقدنلا ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «شەرقي تۈركستان خەلقدە بۇنداق روھي ھالەتنڭ پەيدا بولۇشغا شەرقي تۈركستان خەلقنڭ كۆپ يللاردن بۇيان جۇڭگونڭ سياستنڭ ئاسارتى ئاستدا ياشاپ غەپلەتتە قالغانلقى ئاساسي سەۋەب بولغان، شۇڭا ئۇلار دۆلەت دېگەن كۆز قاراشتن، مللي ئادەتتن ۋە دني ئېتقادىدن ئايرلپ قالغاندن كېين، تۈرك مللتنڭ مەنۋى ئالاھدلكنى ساقلىيالمايلا قالماستن، بەلكى دۆلەت، مللەت، دن ئۈچۈن بارلقنى قۇربان قلش غەيرتنى يوقتپ قويغان.» بۇ يەردە مۇھەممەت ئمن «شەرقي تۈركستان خەلقى» دن دۆلەت قارشى، مللي ئاڭ، ۋە دني ئېتقادنى، «كۈچەيتش» نى، مللي بۆلگۈنچلك قلشقا ئدىيە ھازرلنشنى تەلەپ قلغان. ئاخرىدا ئۇ مۇنداق دېگەن: «شەرقي تۈركستاندا ئۆز - ئۆزنى ۋەتەنپەرۋەر، مللەتپەرۋەر دەۋالغان تۇرغۇن كشلەر ئاغزنڭ ئۈچدلا شۇنداق دەيدۇ. ئەمەلي ھەرىكتى يوق؛ ھەققي ئۇردە دۆلەت، مللەت ئۈچۈن قۇربان بولۇشتن ئايانماي كۈرەش قلدغانلار ساناقلقلا! ساناقلقلا كشى بلەن مەقسەتكە يېتش قېين.» بۇ يەردە مۇھەممەت ئمن «ۋەتەنپەرۋەر، مللەتپەرۋەرلەر» نى بۆلگۈنچلك مەقستگە يېتش ئۈچۈن ئەمەلي ھەرىكەت قوللنشقا قۇتراتقان.

مۇھەممەت ئمننڭ بۇ پاراگرافدكى سۆزلرنى توپلاڭ قلشقا ۋە بۆلگۈنچلككە قۇترتش خىتابنامسى، ئۇنڭ قۇترتش ۋە قايمۇقتۇرۇش كۈچى ئنتاين كۈچلۈك دېيشكە بولدۇ. مللەتلەر ئتتپاقلقى ۋە ۋەتەننڭ برلكى توغرسدكى قارشى ئانچە كۈچلۈك بولمغان كشلەر، ھېسسياتقا بېرلپ كېتدغان، سياسي جەھەتتە گۆدەك، تۇرمۇشتا تەجربسز ئاز سانلق مللەت ياش - ئۆسمۈرلرى ئۇنڭغا ناھايتى ئوڭايلا ئالدنپ قالدۇ.

## 8. «ئۇيغۇرلار» — «شەرقي تۈركستان تارخى» نڭ كۆچۈرۈلمسى

«شەرقي تۈركستان تارخى» نڭ قەيەردن چقشى شنجاڭغا چوڭقۇر تەسر كۆرسەتكەن، زەھرى كەڭ تارقالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندن كېين، ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنستك پارتيسنڭ رەھبەرلكدە ئۇرلۇك مللي سياسەتلەر توغرا ئجرا قلنپ، مللي تېررتورييلك ئاپتونومييە ئەمەلگە ئېشپ، شنجاڭدا ھەرقايسى مللەتلەر باراۋەرلك، ئتتپاقلق، ئۆزئارا